# XYOUTH

新疆青年

# شىنجاڭ ياشلىرى



يېڭى ستودېنتلارغا مۇراجەت

بېيجىڭدىكى ئۇيغۇر مەھەللىسى

كەلمەس «كېلەر نۆۋەت»

بارچۇق دىيارىدىكى نۇرلۇق ئابىدە

كېلەچەك مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ

10
1998

ISSN 1002-9109
10 >
9 771002 910000

# 1999- يىلغا سەپەر

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى نۆۋەتتە 1998- يىللىق خىزمەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، خاسىيەتلىك 1999- يىلغا قەدەم تاشلىدى. 1999- يىلـغـا تـاشلانغـان قەدەمنىڭ تۇنجىسى ژۇرنىلىمىزنىڭ ۋە «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1999- يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى بىلەن باشلىنىۋاتىدۇ.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بۇ قۇتلۇق سەپەرنىڭ تۇنجى قەدىمى، يەنى ژۇرنىلىمىزغا ۋە «تارىم غۇنچىلىرى»غا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ئۆتكـەن يىـلدىكىدىن توپتوغرا 1 ئاي بۇرۇن باشلاندى. «شىنجاڭ يـاشلـىرى» ۋە «تـارىـم غۇنچىلىرى» ژۇرناللىرىنىڭ 1999- يىللىق سانلىرىغا يەنىلا ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ ۋە تارقىتىدۇ.

ژۇرنىلىمىز تەھرىراتى ژۇرنىلىمىزنىڭ كەلگۈسى يۈزلىنىشكە قىزىقىدىغان ھۆرمەتلىك مۇشتەرىلىرىگە شۇنداق خوشخەۋەر يەتكۈزىدۇكى، ژۇرنال مـەزمـۇنـى تېخىمۇ بېيىتىلىدۇ. ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتى تېخىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ. باسما سۈپىتى تېخىمۇ ياخشىلىنىدۇ.

1999- يىللىق ژۇرنال سۈپەت جەھەتتە ژۇرنىلىمىز تارىخىدىكى يېڭى بىر پەللە بولۇپ قالىدۇ.

1999- يىلى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر پارچىسىنىڭ باھاسى 2.50 يۈەن، يىللىق باھاسى 30.00 يۈەن بولىدۇ.

«تارىم غۇنچىلىرى»نىڭ ھەر بىر پارچىسىنىڭ باھاسى 1.80 يۈەن، يىللىق باھاسى 21.60 يۈەن بولىدۇ.

پـۇرسـەتنـى چىـڭ تـۇتـۇڭ، تـۇرۇشلـۇق جايىڭىزدىكى ئىتتىپاق تـەشكـىلاتلىـرىـنـى ئىزدەڭ، ئـالدىـڭىزغا كەلسە، ئۇلارنى قۇرۇق قايتۇرماڭ.

يـادىڭىزدا بولسۇن، ئىككى ژۇرنالغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ۋاقتى 11- ئاينىڭ 10- كۈنى ئاساسەن ئاخىرلىشىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى

1998

باش مۇھەررىر
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم
(ئالىي مۇھەررىر)
(تېلېفون: 2818446)
دىرېكتور: مامىنىڭ



ئەبەسسۇم
(ئېزىز قېيۇم سۈرىتى)

## مۇھىم ئەسەرلەر مۇندەرىجىسى


| | | |
|---|---|---|
| بارچۇق دىياردىكى نۇرلۇق ئابىدە | | ئەنۋەر خىزمەت 1 |
| قانداق قىلغاندا مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ | | ئەكرەم مۇھەممەت 5 |
| ئۆزىمىزنىڭ قۇدرىتى ـ ئۆزىمىزنىڭ بايلىقى | | ئېزىزجان توختىھاجى 7 |
| «گۇمان ئىمانىنى قاچۇرىدۇ» | | نۇرمۇھەممەت توختى 9 |
| ساختا پۇلنى بىلىپ تۇرۇپ ئىشلىتىش قانۇنغا خىلاپ | | تۇردى ئىسمائىل 14 |
| پۇشايمانىڭمۇ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ | | تۇرغۇن ئۆمەر 15 |
| خىزمەت، سەن قانچىلىك نىمىتىڭ | | ئەسقەر داۋات 17 |
| چاقچاق ئىلمىي بولۇشى كېرەك | | مىجىت تۇرسۇن 25 |
| «ئاقىلغا ئىشارەت، يامانغا جۇۋالدۇرۇز» | | ئابدۇقادىر ئەلى 27 |
| بېيجىڭدىكى ئۇيغۇر مەھەللىسى | | ئابلىز مۇھەممەت سايرامى 33 |
| تىلەمچىلەر ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز | | ئىمىنجان سادىق 37 |
| كەلمەس «كېلەر نۆۋەت» | | ئابدۇراخمان ئىسلام 43 |
| قەدىمكى «قاشتېشى يولى»نىڭ «يىپەك يولى»دا تۇتقان ئورنى | | ئۆمەرجان مەمتىمىن 47 |
| كېلەچەك مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ | | ئە. داۋۇت 51 |
| كۆلكە | (ھېكايە) | ئابدۇرۇسۇل سېيىت 57 |
| شوخلۇقۇمنى بۇيرۇماڭلار ئەيىبكە | (شېئىر) | ئابلىمىت ئاقيولى 60 |
| ئىككى شېئىر | | جۇرئەت ئەمەت (جۇرئىتى) 61 |


سىياسىي، نەزەرىيىۋى، پەننىي، ئەدەبىي خاراكتېردىكى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلىنىدۇ، ھەر ئاينىڭ 1ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ. مۇقاۋىسى ۋە ئىچكى بەتلىرى«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلىپ، شىنجاڭ ياشلىرى رېداكسىيىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ.
(بۆلۈم مەسئۇلى: ئۆركەش ئىبراھىم. ياردەمچىلەر: ئىسمائىل ئىبراھىم، ئەسقەر داۋۇت)

## دانالار ھېكمەتلىرىدىن

ھەممە ئادەم، تۇغۇلۇپلا ھەممىنى بىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

- ئارىستوتېل

ئۆزىنىڭ ياش قۇرامىغا مۇناسىپ ئەقىل-پاراسەت يوق ئادەمنىڭ، ئۆزىنىڭ يېشىغا مۇناسىپ باش قېتىنچىلىقلىرى بولىدۇ.

- ۋولتېر

ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا تايىنىپ ئالغان بىلىملىرىدىن باشقىلىرىنى بىلىمى بار دەپ ئېنىق بىر نېمە دېگىلى بولماس.

- كېپلېر

سۈكۈتتە تۇرىدىغان ياكى سۆزلەش سالاھىيىتى بولمىغان ئەقىل-پاراسەت ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.

- سېبىرو

ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئاخىرقى خۇلاسىسى مەيلى ھاياتلىق ياكى ئەركىنلىك جەھەتتە بولسۇن، ھەر كۈنى كېيىنكىلەرگە يارايدىغان بولۇشتىن ئىبارەت.

- كانت

بىلىمسىزلىك، قابىلىيەتسىزلىك تەڭرىنىڭ قارغىشىدۇر، بىلىم جەننەتكە يەتكۈزىدىغان قاناتتۇر.

- شكسپىر

## دانالار ھېكمەتلىرىدىن

بىلىم، كۈچتىنمۇ كۈچلۈك.

- جونسون

قورۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بىلىم كېرەك، پەننى ئىگىلەش كېرەك، لېكىن بىلىملىك بولۇش ئۈچۈن ئۆگىنىش كېرەك.

- ستالىن

مېنىڭ بىلگىنىمنىڭ ھەممىسى، ئۆزۈمنىڭ ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىم بولدى.

- سوقرات

بىلىملىك بولۇش ئەستە قالدۇرۇش كۈچى بىلەنلا بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقى ئارقىلىقلا ئىگە بولغاندا، ئۇ ئاندىن بىلىم بولالايدۇ.

- تولستوي

كۆپ خىل بىلىملەردىن بىر ئاز خەۋەردار بولۇش، بىرىنى پىششىق بىلگەندىن كۆپ كۈچلۈك بولىدۇ. بىلىمى كۆپ تەرەپلىك بولسا، تازا ياخشى بولىدۇ.

- پاسكال

گەرچە بىز باشقىلارنىڭ بىلىمگە تايىنىپ، كۆپ بىلىمگە ئىگە ئىختىساسلىق بولۇپ يېتىلگەن بولساقمۇ، لېكىن ئاقىل ئادەم بولۇپ يېتىلىشتە، ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل- پاراسىتىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

- مونتاگېن

(سۇلايمان داۋۇت . ت)



# بارچۇق دىيارىدىكى نۇرلۇق ئابىدە

(ئاخبارات ئوچېركى)

★ ئەنۋەر خىزمەت ★

### «سىنىڭ جېنىڭ، مېنىڭ جېنىم ـ بىرجان ئەمەسمۇ؟

**8** 199- يىل 6- ئاينىڭ 18- كۈنى، ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، كۆپكۆك ئاسماندا ئالقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى ياغقان سىم- سىم يامغۇرنىڭ خاسىيىتى بىلەن دەل- دەرەخلەر پاك- پاكىز يۇيۇنۇپ، ئاپتوموبىل، تراكتورلارنىڭ، ئۇلاغ-ھارۋىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆزۈندىن- ئۈزۈنغا ئەگىشىپ ئۇچۇپ يۈرۈيدىغان توپا- چاڭلار قاياقلارغىدۇ غايىب بولۇپ، زۇمرەتتەك ئەلۋەك سۈيى، ساپ ھاۋاسى، يېشىللىققا پۈركەلگەن گۈزەل سىماسى بىلەن كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان بۇ ئانا سەھرا بۈگۈن تولىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. ئۈرۈمچى ۋاقتى چۈشتىن كېيىن سائەت 5 ئەتراپىدا، ئابلىكىمجان ئابدۇۋايىت سەگدەپ ھاردۇق چىقىرىش ئۈچۈن مەھەللىدىن 300 مېتىرچە يىراقلىقتىكى مارالبېشى غول ئۆستەڭگە سېلىنغان 1- نومۇرلۇق تاش تومىغا قاراپ يول ئالدى. ئابلىكىمجان توما بېشىغا كەلگەندە بىر نەۋرە ئىنىسى راخمانجان مۇھەممەت بىلەن بىر مەھەللىدە ئويناپ چوڭ بولغان دوستى راخمانجان موسا تومىنىڭ ئۈستۈنكى سۈپىسىدا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ غىزالىنىۋاتاتتى؛ 10 نەچچە ياشلاردىكى 50 ـ60 بالا ئاتىسىدىن توغما ھالەتتە سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناۋاتاتتى. ئابلىكىمجان ئۇدۇللا تومىنىڭ يان تەرىپىدىكى پەلەمپەيلىك شوتا ئارقىلىق دوستلىرىنىڭ يېنىغا چىقىپ ئۇلار بىلەن پاراڭلاشقاچ، تېخى ھېلىلا تونۇردىن قومۇرۇلغان ئىسسىققىنا سامسىغا ئېغىز تەگدى.

ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمىگەن ئىدى. ئابلىكىمجاننىڭ قوشنىسى نۇرگۈل ئاچىمۇ 6 ياشلىق ئوغلى ئابلىكىمجاننى ئەگەشتۈرۈپ توما بېشىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ 8 ياشلىق قىزى گۈزەلنۇردىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنىدى. نۇرگۈل ئاچا بىلىگىچە سۇغا كىرىۋالغان قىزى ۋە قىزىنىڭ ساۋاقداشى روشەنگۈلنى كۆرۈپ، سۇدىن چىقىپ كېتىشكە دەۋەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. دەل شۇ پەيتتە، ئۇشتۇمتۇت كۆتۈرۈلگەن قايىنام بۇ ئىككى نارەسىدە قىزنى چۆكتۈرۈپ كەتتى. نۇرگۈل ئاچا ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بۇ تاسادىپىيلىقتىن ئەس- ھوشىنى يوقىتىپ نېمە قىلارىنى بىلمەلمەي قالدى.

ـ قىزىمنى قۇتقۇزۇڭلار! قىزىمنى سۇ ئېقىتىپ كەتتى، قۇتقۇزۇڭلار!

نۇرگۈل ئاچا تۇۋلىغىنىچە قايىنامغا ئۆزىنى

ئاتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن 6 ياشلىق ئوغلى ئابلىكىمجانمۇ ئۇنىڭ ئارقىدىن سۇغا كىرىپ غايىب بولدى.

ئابلىكىمجان بۇ ۋەھىملىك ئاۋازدىن چۆچۈپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئارقىسىغا قارىدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى توما ئايىغىدىكى 11 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى قاينامدا گاھ لەيلەپ، گاھچۆكۈپ جان تالىشىۋاتقان 3 بالا ۋە ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايالنى كۆردى.

ــ بۇرادەرلەر، تېز، ئۇلارنى قۇتقۇزىۋالايلى!

ئابلىكىمجان شۇنداق دېدى-دە، كىيىملىرىنى سېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەستىن سۇغا سەكرىدى. ئۇ، سۇ ئۈزۈشكە ماھىر بولغانلىقتىن، روشەنگۈلنى ناھايىتى تېزلىكتە سۇ ئاستىدىن قىرغاققا ئېلىپ چىقتى، راخمانجان مۇسامۇ گۈزەلنۇرنى قۇتقۇزۇپ چىقتى. نۇرگۈل ئاچا ھاياتى خەۋپتىن قۇتۇلۇپ قالغان 2 قىزىنى باغرىغا باستى. لېكىن...

ــ ئوغلۇم قېنى؟ ئوغلۇمنى قۇتۇلدۇرۇڭلار، جېنىم بالام ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇڭ...

نۇرگۈل ئاچا شۇنداق دەپ ۋارقىراپ- جارقىراپ ئۆزىنى كاچاتلىغىنىچە يەنە بىر قېتىم ئۆستەڭگە قاراپ ئېتىلدى. كىيىملىرىنى سېلىپ بولۇپ ئەمدىلا سۇغا كىرىشكە تەمشىلىۋاتقان راخمانجان مۇھەممەت نۇرگۈلنى توسۇۋېلىپ سۇغا كىرگىلى قويمىدى. ئانىنىڭ نالىسىگە چىداپ تۇرالمىغان ئابلىكىمجان 2- قېتىم سۇغا ئۆزىنى ئاتتى.

بۇ كۆنى كەلكۈن تېز سۈرئەتتە ئۆلغىيىپ، سېكونتلۇق تېزلىكى 5 مېتىرغا يەتكەنىدى. ئابلىكىمجان خۇددى غەۋۋاسلاردەك سۇ ئاستىغا7ـ8 قېتىم شۇڭغۇپ، ناھايىتى تەسلىكتە بالىنى تېپىپ مۇرىسىگە ئالدى، ئۆزى بىلەن ئىسمىداش كەلگەن بۇ سەبىينى قىرغاققا ئېلىپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن قاينام بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشقان بولسىمۇ، كۈچلۈك قاينام ئۇنى ئايلاندۇرۇپ قىرغاققا يېقىنلىشىش پۇرسىتى بەرمىدى. ئۇ ھالسىزلانغانىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ كىچىك ئابلىكىمجاننى 2 قولى بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ قىرغاقتىكىلەرگە سۇندى. قىرغاقتىكىلەر بالىنى گۆرجەك دەستىسى ئارقىلىق تارتىپ قىرغاققاچىقىرىۋالدى. ئەمما، ئابلىكىمجان...

1 مىنۇت، 2 مىنۇت، 3 مىنۇت... ۋاقىت چاقماق تېزلىكىدە ئۆتمەكتە. ئابلىكىمجان شۇ قېتىم چۆكۈپ كەتكەنىچە كۆزدىن غايىب بولدى. رەھىمسىز قايىنام ئەمدىلا 24 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ نەۋقىران يىگىتنى يۇتۇپ كەتكەنىدى.

ــ ئابلىكىمجان، سەن قايەردە! سەن قايەردە!؟

راخمانجان مۇھەممەت بىلەن راخمانجان مۇسالار شۇنداق تووۋلاپ ھۆكۈرەپ يىغلىغىنىچە قايىنامغا ئۆزىنى ئاتتى. ئابلىكىمجاننىڭ قىممەتلىك ھاياتىي بەدىلىگە ھايات قالغان بالىلار نىجاتكارىنىڭ ۋاقىتسىز كۆز يۇمغانلىقىنى تۇيۇپ، ئۇن سېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ:

ــ ئابلىكىم ئاكا، بىز ئەمدى ئاتا- ئانىلىرىمىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، سۇغا چۈشمەيمىز، ھەرگىزمۇ سۇغا چۈشمەيمىز، ــ دەپ نالە قىلىشتى.

× × ×

زېمىن تىترىدى، ئەل تەۋرىدى. تەرەپ- تەرەپتىن كەلگەن 500چە ئادەم تەڭ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، كەنت باشلىقى، ئامانلىق ساقلاش مۇدىرىنىڭ قوماندانلىقىدا 4 يېرىم سائەتتەك سۇ كېچىپ يۈرۈپ، كەچ سائەت 9 يېرىم بىلەن ئۇنىڭ جەسىتىنى غەربىي قىرغاق باغرىدىكى لاي ئاستىدىن ئېلىپ چىقىشتى. زورىخان ئانا، ئابلىكىمجاننىڭ ئايالى ۋە سىڭىللىرىنىڭ ئەلەملىك يىغىسى زېمىننى لەرزىگە كەلتۈردى.

كىشىلەر ئابلىكىمجاننىڭ يۈز- كۆزلىرىگە ئورناپ كەتكەن قوم- لايلارنى پاك- پاكىز سۈرتۈپ، ئېغىر سۈكۈنات ۋە چوڭقۇر قايغۇ ـ ھەسرەت ئىلكىدە قەدەملىرىنى ئاستا- ئاستا يۆتكىشىپ مەھەللىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇزۇندىن- ئۇزۇنغا

سوزۇلغان ھەسرەتلىك يىغا ئاۋازى بارغانچە ئۇلغىيىپ كىشىنىڭ يۈرەك باغرىنى ئېزەتتى. گويا تال چىۋىقلارمۇ قەھرىمانغا قايغۇلۇق ماتەم بىلدۈرۈۋاتقاندەك بېشىنى تۆۋەن سالغانىدى.

**كۆيۈمچان پەرزەنت، ۋاپادار ئوغلان**

ئابلىكىمجان 1974- يىلى 7- ئايدا ئاقساقمارال يېزىسىنىڭ تەك كەنتىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كۆز ئاچتى. دادىسى ئابدۇۋايىت ئاكا ئەلسۆيەر كىشى بولۇپ، ئابلىكىمجان ۋە ئۇنىڭ 3 سىڭلىسىنى ياخشى ئوقۇپ، يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشقا دەۋەت قىلاتتى. بولۇپمۇ ئۇ بىردىنبىر ئۈمىد چىرىغى بولغان ئابلىكىمجانغا قاتتىق تەلەپ قويۇاتتى.

— ئوغۇل بالا دېگەن يۈرەكلىك، باتۇر بولۇشى، يۇرتداشلىرىغا خەيرخاھلىق قىلىشى، نۆۋەتتە كەلگەندە، ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن پىداكارلىق كۆرسىتىشنى بىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلالىغاندىلا ئىسمى- جىسمىغا لايىق ئوغۇل بالا بولغىلى بولىدۇ.

مانا بۇ ئابدۇۋايىت ئاكىنىڭ ھەمىشە ئابلىكىمجانغا دەيدىغان گېپى ھەم ئۈمىدى ئىدى.

ئابلىكىمجان 1983- يىلى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى ھەمدە ئاتا- ئانىسىنىڭ نەسىھىتى، ئۇستازلىرىنىڭ تەربىيىسى ئارقىسىدا ئەخلاقلىق بالا بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدى؛ «ئۇچىتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. ئۇ 5- يىللىق سىنىپتا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ئابدۇۋايىت ئاكا تۇبېركۇليوز كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. زورىخان ئانا بولسا ئابدۇۋايىت ئاكىنى داۋالىتىش، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن بولۇپ، ئائىلىنىڭ ئېغىر- يېنىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمدىلا 13 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئابلىكىمجاننىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. گەرچە، ئۇنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇش ئارزۇسى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئائىلىسىدىكى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن مەكتەپتىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى، ئۇنىڭ كاللىسىغا پۇل تېپىپ دادىسىنى داۋالىتىپ ساقايتىش خىيالى كىرىۋالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ياغاچچىلىققا شاگىرتلىققا كىردى، جاپاغا چىداپ ئىرىلىپ ھۈنەر ئۆگەندى؛ ئۇستىسى خەج - خىراجىتىگە بەرگەن پارچە- پۇرات پۇللارنى بىرپۇڭمۇ قالدۇرماي ئانىسىغا تاپشۇرۇپ دادىسىنى داۋالىتىشقا ئىشلىتىشنى ئۆتۈندى. ئەپسۇس، ئۇزۇن يىل ئاغرىق ئازابى تارتقان ئابدۇۋايىت ئاكا ئائىلىسىدىكىلەر پۇلغا يارىغۇدەك مال- بىساتلىرىنى سېتىپ يۈرۈپ 8 يىلدىن ئارتۇق داۋالاتقان بولسىمۇ، ئۆرە بولالماي 1993- يىلى 9- ئايغا كەلگەندە ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ ئېغىر مۇسىبەت، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا يېتىشىپ بولالماي ھۆددە يېرىنى كەنتكە قايتۇرۇپ بەرگەن، ھېچقانداق كىرىم مەنبەسى بولمىغان بۇ ئائىلىنى غۇربەتچىلىكتە قالدۇردى. ئانىسى ۋە سىڭىللىرىنىڭ كۆزىدىن- كۆڭگە سارغىيىپ كېتىۋاتقان جۇدەڭگۈ چىرايى ئابلىكىمجاننىڭ يۈرىكىنى تاتىلاپ زادىلا ئارام تاپقۇزمىدى. ئۇ، نەچچە كېچىلەپ كىرپىك قاقماي تۈنىنى تاڭغا ئۇلىدى، ئاخىرى ئۇ 2 بىلىكىگە، ھۈنەر- كەسىپكە تايىنىپ ئىگىلىك تىكلەپ، دادا مېھرىدىن قانغۇدەك بەھىر ئالالمىغان، دادا خۇۋلۇقىنى كۆرەلمىگەن يېتىم سىڭىللىرى ۋە يېمەي يىگۈزۈپ كىيمەي كىيگۈزۈپ ئۆزلىرىنى قاتارىغا قوشقان مېھرىبان ئانىسىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش قارارىغا كەلدى. ئۇ، ئانىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، كەنت مەسئۇللىرى بىلەن سۆزلىشىپ 10 نەچچە مو يەر ئېلىپ، تەر ئاققۇزدى. ئۇستىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، مۇستەقىل ھۈنەر قىلىشقا باشلىدى. 1994- يىلى ئۇلار ئۇچۇن ئامەتلىك بىر يىل بولدى. تېرىلغان زىرائەتلىرى ئوبدان ئوخشىغاندىن باشقا، ياغاچچىلىق ھۈنىرىمۇ خېلى ئېقىپ ھال- كۈنى ياخشىلاندى. ئۇ 3

ئېغىزلىق ئۆي سېلىپ ئانىسىنى ئولتۇرغۇزدى؛ 2 سىڭلىسىنى تالالىق قىلدى.

**ئىتتىپاق بايرىقىغا شەرەپ كەلتۈرۈش**

ئابلىكىمجان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا، مەكتەپ ئىتتىپاق ياچېيكىسىغا ئىتتىپاققا ئەزا بولۇپ كىرىش توغرىسىدا كۆپ قېتىم ئىلتىماس سۇنغانىدى. مەكتەپ ئىتتىپاق ياچېيكىسى ئۇنىڭ ئىلتىماسى ھەمدە ئەمەلىي نەتىجىسىگە ئاساسەن، تەربىيىلەش، سىناش ئوبيېكتى قاتارىغا كىرگۈزۈپ تەربىيىلەۋاتقان پەيتتە، ئائىلىدىكى قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن مەكتەپتىن ئايرىلىپ، ئىتتىپاققا كىرىش ئىشى شۇ پېتى ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. ئابلىكىمجان جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، ئائىلە ئىشلىرىنى بىر قۇر رەتكە سېلىۋالغاندىن كېيىن، ئىتتىپاق تەشكىلىنى يەنە سېغىندى، ئۆزىنىڭ بۇيانقى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئاق قەغەزگە مارجاندەك يېزىپ، كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسىغا تاپشۇردى، ئىتتىپاق ياچېيكىسى ئۇيۇشتۇرغان ئاكتىپلارنى تەربىيىلەش ئۆگىنىش كۇرسلىرىغا قاتنىشىپ نەزەر دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى.

كەنت پارتىيە ياچېيكىسى بۇ يىل 1 ـ ئايدا ئابلىكىمجاننى خەلق ئەسكەرلىرى قوشۇنىغا تولۇقلىدى. 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلدى. ئابلىكىمجان 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان «4 ـ ماي»نى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، قىپقىزىل ئىتتىپاق بايرىقى ئالدىدا قەسەم بېرىپ ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇپ كىردى. ئۇ، ئىتتىپاق قوينىغا كىرىش قەسىمىنى بېرىپ ئازغىنا كۈندىن كېيىن ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتقۇزۇشتەك ئالىيجاناب ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىتتىپاق بايرىقىغا شان ـ شەرەپ كەلتۈردى.

**چەكسىز غەمغورلۇق، يۈكسەك شان ـ شەرەپ**

ئابلىكىمجان بىز بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى، خوشلاشقاندىمۇ ناھايىتى تېز خوشلاشتى. ئۇ، مېھرىبان ئانىسىغا، كۆيۈملۈك سىڭىللىرىغا، ۋاپادار ئايالىغا، قولىدىن چۇشۇرمەي باغرىغا تېڭىۋالدىغان ئىككى ئوغلىغا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە سۆز قالدۇرالماي كەتتى. ئۇ، بۇنىڭدىن 33 يىل بۇرۇن مارالبېشى دىيارىدا قەد كۆتۈرگەن گىگانت ئادەم ـ مەملىكەتلىك «خەلقنى سۆيۈش نەمۇنىچىسى» قادىر ھېزىمغا ئوخشاش بىزگە بىباھا مەنىۋى بايلىق قالدۇرۇپ كەتتى.

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى تۇرغۇن ئىمىن قاتارلىق ناھىيە رەھبەرلىرى ناھىيىدىكى تەشۋىقات، ئىتتىپاق، خەلق ئىشلىرى، خەلق قوراللىق بۆلۈمى قاتارلىق تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ ئابلىكىمجاننىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ ھال سوراپ، قەھرىمانغا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى.

ھاكىم تۇرغۇن ئىمىن ئابلىكىمجاننىڭ ئانىسىنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ:

ـ سىلە بىزگە ئابلىكىمجاندەك پىداكار قەھرىمان ئوغۇلنى تەربىيىلەپ يېتىشتۇرۇپ بەردىلە. ئۇ، ناھىيىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەخرى، ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇشقا مۇناسىپ ئىش قىلدى. ناھىيە خەلقى ئۆزىنىڭ بۇ باتۇر ئوغلانىنى خۇددى قادىر ھېزىمنى ياد ئەتكەندەك مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ، ـ دەپ تەسەللى بەردى.

1998 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئابلىكىمجان ئابدۇۋايىتتىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش بويىچە سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا «ھايات ـ مامات يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن ياخشى ياش» دەپ نام بەردى. ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى داغدۇغىلىق نام بېرىش يىغىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا «مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى» دەپ نام بەردى ھەمدە ناھىيىدىكى 50 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى ئابلىكىمجان ئابدۇۋايىتتىن ئۆگىنىشكە چاقىردى. (04)

# قانداق قىلغاندا مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ؟

★ ئەكرەم مۇھەممەت ★

ھەممىمىزگە مەلۇم، مۇقىملىق — تىنچلىق بىلەن تەرەققىياتنىڭ بىرلىكى. مۇقىملىق — گۈللىنىش، مۇقىملىق — غەلىبە، مۇقىملىق ھەممىدىن ئەلا. مەيلى دۆلىتىمىزدە ياكى شىنجاڭدا بولسۇن مۇقىملىق بولمىسا ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغىلى بولمايدۇ. ئىسلاھات، تەرەققىيات، ئېچىۋېتىش، گۈللىنىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، قاچان، قەيەردە مۇقىملىق بولسا شۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى، قۇرۇلۇش ئىشلىرى ۋە تۈرلۈك خىزمەتلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىدۇ. ئۇنداق بولمىسا ۋەزىيەت مۇقىم بولماي جەمئىيەت قالايمىقانلىشىپ ئىقتىساد ۋەيران بولىدۇ. دېمەك، مۇقىملىق ئومۇمىي ۋەزىيەتنى تەڭشەپ تۇرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. شۇڭا بىز مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ئالدى بىلەن، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرگە مىللەتلەر باراۋەرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ۋە دۆلەتنى قانۇن تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

**1. ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئۇنداق بولسا ۋەتەنپەرۋەرلىك دېگەن نېمە؟**

ۋەتەنپەرۋەرلىك — كىشىلەرنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە بولغان چوڭقۇر ھېسسىياتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ دەريالىرى، مۇنبەت تۇپراقلىرى ۋە ئۇلۇغ مەدەنىيىتىگە بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتىدە، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ۋەتىنىمىز بىلەن مەنپەئەتداش بولۇش، دۆلىتىمىز پۇقراسى بولۇش شەرىپى بىلەن پەخىرلىنىش ھېسسىياتى قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەزەلدىن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىشتىكى ئۇلۇغ چىرىغى. شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرا رايون قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشتە، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار تۈرلۈك تەشۋىقات ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

**2. مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.**

ماركسىزملىق مىللەتلەر باراۋەرلىكى دېگىنىمىزدە - سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇمنى يوقىتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق ھوقۇقلاردا باراۋەر بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىر مىللەت دائىرىسىدىن ئېيتقاندا، بارلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەر بولۇشى، دۇنيا مىقياسىدىن ئېيتقاندا، ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق باراۋەر بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ھەر قانداق مىللەتلەرنىڭ ئاھالىسى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، زېمىنى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، تارىخى قىسقا ياكى ئۇزۇن بولسۇن ھەممىسى ئىنسانلار مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئۆزىگە خاس تۆھپە قوشقان بولۇپ، ھەممىسى بىردەك باراۋەر بولۇشى كېرەك.

دېمەك، بىز دەۋاتقان مىللەتلەر باراۋەرلىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي،

مەدەنىيەت، تىل ـ يېزىق ۋە ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھوقۇقلاردا باراۋەر بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ماركسىزملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى دېگەندە ـ مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەت ئاساسىدا ئىناق ئۆتۈش، دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇش، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مىللەتلەر باراۋەرلىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى. بۇ ئالدىنقى شەرت بولمىسا ھەقىقىي مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. چۈنكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۆزئارا باراۋەر بولغانلار ئارىسىدىلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى. دېمەك، ئۇلار بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

**3. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ دۆلەتنى قانۇن- تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.**

دۆلەتنى قانۇنغا تايىنىپ ئىدارە قىلىش دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئاساسلىق تاكتىكىسى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى. دۆلەتنى قانۇنغا تايىنىپ ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش مۇشكۇل، مۇرەككەپ، ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي جەريان بولۇپ، ئۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭگەن. دۆلەتنى قانۇنغا تايىنىپ ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش تۈپ نىشانىمىزدىن ئىبارەت. ئۇ خەلقنىڭ دۆلەتنىڭ خوجىسى سۈپىتىدە دۆلەتنى قانۇنغا تايىنىپ باشقۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇشىمىزدا، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشىمىزدا ئالدى بىلەن، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش پارتىيىنىڭ، خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىش تەشەببۇسىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قانۇنلاشتۇرۇش، بۇ ئارقىلىق پارتىيىنىڭ نورمال پائالىيەتلىرىنى قانۇنچىلىق ئىزىغا چۈشۈرۈش شۇنداقلا پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىشتا پايدىلىق. شۇنداقلا ئۇ پارتىيىنىڭ قاتتىق تۈزەش، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، پارتىيە ئىنتىزامىنى كۈچەيتىش، پارتىيە قوشۇنىنى ساپلاشتۇرۇشقا ۋە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، پۇل، ھوقۇق سودىسى قىلىش، خىيانەتچىلىك قىلىش، پارا ئېلىش، پارا بېرىش، بۇزۇپ ـ چېچىش، ئىسراپچىلىق قىلىش قاتارلىق چىرىكلىك ئەھۋاللىرىنىڭ كۆپىيىشىنى توسۇشقا پايدىلىق.

دېمەك، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئاچقۇچلۇق مەسىلە. مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاساسىي مەسىلە. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش مەركىزىي مەسىلە. شۇڭا بىز بۇ ئۈچ مەسىلىگە ھەقىقىي ئەھمىيەت بېرىسەك مۇقىملىق خىزمىتىنى چوقۇم ياخشى ئىشلەپ كېتەلەيمىز.

(06)

## ئۆزىمىزنىڭ قۇدرىتى - ئۆزىمىزنىڭ بايلىقى

★ ئىزىزجان تۇختىھاجى ★

جەمئىيەت ئىنتايىن تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋە كۆپ قۇتۇپلىشىۋاتقان شارائىتتا پۇل ۋە ھوقۇقنىڭ نىسپىي مۇھىم ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقى ھەقىقەت. بۇنى ئىنكار قىلىپ بولمايدۇ. كۆز ئالدىمىزدىكى خىلمۇخىل ئەمەلىي مىساللار، ئىقتىساتنىڭ بازارغا يۈزلىنىشى پۇلنىڭ ۋە ھوقۇقنىڭ ئورنىنى بەلگىلىگەن. بىراق بىزنىڭ ئەپسۇسلىنىدىغىنىمىز پۇل ۋە ھوقۇقنىڭ كىشلەر تەرىپىدىن ۋاستىلىك ھالەتتىن مەقسەتلىك ئورۇنغا ئۆتتۈرۈپ چىقىرىلىۋاتقانلىقى، شۇنداقلا پۇل ۋە ھوقۇقنىڭ كىشىلەرنى ئىنكار قىلىۋاتقانلىقىدۇر. ھاياتلىقتا ئادەم مەقسەت، تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئېيتقاندا ئادەمنىڭ روھى، قۇدرىتى مەقسەت، ئۇ ھاياتلىق تۈۋرۈكى. كىشىلەرنىڭ قۇدرىتىسىز جەمئىيەتنى، تەرەققىياتنى، ئادەملەرنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ھاياتلىق ئادەم قۇدرىتىنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدۇ. ئادەم قۇدرىتىنىڭ تەڭداشسىزلىقى، ئەمەلىيلىكى، ھەقىقىيلىقى ئۇزۇن تارىخ ئىسپاتلاپ چىققان كۈچلۈك ھەقىقەت.

ئەمەلىيەتتە كىشلەرنىڭ ئۆز قۇدرىتىگە ئىشەنمەستىن، پۇل ۋە ھوقۇقتىن بەخت، خۇشاللىق، ئەتىنى كۈتۈشى بىر تەرەپتىن، بۈگۈنكى كۈندە پۇل ۋە ھوقۇقنىڭ رولىنىڭ بىر تەرەپلىمە كۆچىيىپ كېتىشىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كىشلەرنىڭ ئۆز- ئۆزىگە ئىشىنەلمىگەنلىكىدىن، ئۆز- ئۆزىنى توغرا باھالىيالماي ئۆز روھىدىن ياتلاپ كەتكەنلىكىدىندۇر. پۇل ۋە ھوقۇقنىڭ ئەسلىدە قانداق ئورنى بولۇشقا تېگىشلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بەزى كىشلەرنى كاردىن چىقارماقتا. پۇل ۋە ھوقۇقنىڭ رولىنىڭ نىسپىي كۈچىيىشى بەزىلىرىمىزنى تەقدىرىمىزنى قارىغۇلارچە پۇل ۋە ھوقۇقتىن ئىزدەشكە



مەجبۇر قىلماقتا. مەۋجۇتلۇقىمىزنى، روھىمىزنى پۇل ۋە ھوقۇق بىلەن باغلاش بارغانسېرى كۆپىيىپ بارماقتا. گەرچە پۇل ۋە ھوقۇق كۆرۈنۈشتە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھەل قىلسىمۇ، لېكىن ھەممىنى ئۇنىڭدىن كۈتۈشىمىز، ئۇنىڭغا چوقۇنىشىمىز توغرا ئەمەس. ئۇنى ئۈمىد يۇلتۇزى، نىجاتچى دەپ بىلىشنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقى روھىمىزنىڭ بارغانسېرى قۇرۇقدىلىپ، ئۆزىمىزگە ئىشەنمەيدىغان، ئەتىگە كۆزىمىز يەتمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىز بەختىمىزنى، ئەتىمىزنى ئۆزىمىزدىن، ئۆزىمىزنىڭ كۈچ- قۇدرىتىدىن، ھەقىقىي ئىنسانىي روھىمىزدىن ئىزدىشىمىز كېرەك.

پۇل ۋە ھوقۇق ھەرگىزمۇ بەختنىڭ ئۆزى ئەمەس. روھنىڭ ئۇلۇغلۇقى، تەڭداشسىزلىقى ئالدىدا پۇل ۋە ھوقۇقتىن بەخت ئىزدەش ئۇچىغا چىققان بىچارىلىقتۇر. پۇل ۋە ھوقۇق قىزغىنلىقىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ئەمەلىيەتتە ئۇ، بىر چەمبىرەك ئىچىدىن چىقماي ئايلىنىشتۇر ۋە ياكى ئۆزئارا كاللا سوقۇشتۇرۇشتۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ روھىمىزنى بارغانسېرى ئاجىزلاشتۇرۇپ، بىزنى قەد كۆتۈرەلمەس قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىلگىرىلىشىمىزگە، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىمىزگە زىيىنى باركى، ھېچقانداق پايدىسى يوق. شۇڭا شۇنى ئېيتىش ئىنتايىن زۆرۈركى، ئۆزىمىزگە بەخت يارىتىش، جەمئىيەتنى گۈزەللەشتۈرۈشتە ئۆزىمىزگە تايىنىشقا، ئۆز قۇدرىتىمىزنى نامايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. پۇل، ھوقۇققا چوقۇنغاندا، ۋاستىنى مەقسەت قىلىۋالغاندا كىشى چاكىنىلىشىدۇ. بىز بەختنى ئۆزىمىزنىڭ ھالال تەرىدىن ئىزدىسەك، بۇنىڭ ھەم ئۆزىمىزگە پايدىسى بار، ھەم جەمئىيەتكە ئىجابىي تەسىرى بار، شۇنداقلا بۇ مەۋجۇتلۇق ئاساسىمىزنى مۇستەھكەملەپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، ئۆزىمىزنى كۈچلەندۈرىدۇ. (04)

## 21- ئەسىردە ...

**1.** نەق پۇلنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى بارغانسېرى ئازىيىدۇ. 2050- يىلىغا بارغاندا ئوبوروت قىلىنىدىغان پۇل 10 يۈەنلىكتىن يۇقىرى بولمايدۇ. نەق پۇل ئىشلىتىشنى چەكلەش جىنايەتتىن ساقلىنىدىغان بىر خىل چارە بولۇپ قالىدۇ.

2. «ئېلېكترون كۆچمەنلىرى» كەلگۈسىدىكى يېڭى ئىشچىلار بولىدۇ. بۇ ئادەملەر ئۆز دۆلىتىدىن چىقماي تورۇپلا كومپيۇتېرنى ئالاقە قورالى قىلىپ، باشقا ئەللەردىكى شىركەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

3. ئەقلىي ئىقتىدارغا ئىگە ماشىنا ئادەملەر كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدۇ.

4. ئادەم تېنىگە ئېلېكترون ياكى خىمىيۋى ماددىلار كىرگۈزۈلۈپ ئادەمنىڭ ئىش- ھەرىكىتى تىزگىنلىنىشى مۇمكىن.

5. كەلگۈسىدە ئۆي جابدۇقلىرى تېخىمۇ «ئەقىللىق» بولۇپ كېتىدۇ. كومپيۇتېر تىزگىنلەپ تۇرىدىغان ئۆي جابدۇقلىرى ئىشلەتكۈچى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرالايدۇ ھەم ئاپتوماتىك يۆتكىلەلەيدۇ.

6. «پارنىك تەسىرى» سەۋەبىدىن تېخىمۇ كۆپ ئامېرىكىلىق كاناداغا كۆچىدۇ.

7. تېبابەتچىلىكتە گېن ئارقىلىق داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ساغلام گېن كەمتۈك گېننىڭ ئورنىنى ئالىدۇ.

8. ئەقلىي ئىقتىدارغا ئىگە ئاپتوموبىللار دۇنياغا كېلىدۇ. بۇنداق ئاپتوموبىللارنىڭ ئىچىدە كومپيۇتېر بولىدۇ. ئۇ يول باشلاش سىستېمىسى، سوقۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش سىستېمىلىرى بىلەن ماسلىشىپ، سۈرئەتنى تەڭشەپ تۇرىدۇ.( 04)

(ئابدۇۋەلى . ت)

# «گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ»

★ ئۇرمۇزھامەمەت توختى ★

يېقىندا مەن بىر ياشنىڭ: «مەن ھېچكىمگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدىم، ھەممە ئادەم كۆزۈمگە باشقىچە كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى...» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئەسلىدە مەن بۇ گەپنى ھەر كۈنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان قۇرۇق گەپلەر قاتارىدا ئۆتنۈپ كەتسەممۇ بولاتتى. لېكىن ھېلىقى گەپ شۇ گەپنى قىلغۇچى ياشنى كۆز ئالدىمدا قانداقتۇر بىر خىل "مەنىۋى كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغاندەك كۆرسىتىپ قويدى. بۇ قانداق كېسەل؟ ئۇ قانداق پەيدا بولۇپ، قانداق يوللار ئارقىلىق يۇقىدۇ؟ مەن مانا شۇ سوئاللار ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم. بەلكىم ئاشۇ گەپنى قىلغۇچى ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا كۆرسەتمەكچى بولۇپ دېگەندۇ ۋە بەلكىم بۇ ئۇنىڭ ماركسنىڭ ئىجتىمائىيەتتىن گۇمانلىنىش توغرىسىدىكى مەشھۇر سۆزىنى خاتا چۈشىنىۋېلىشتىن كېلىپ چىققان تەسىراتىدۇر. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە باشقىلارغا ئىشەنمەسلىك، گۇمان بىلەن قاراش روھىي ھالىتىنى خېلىلا كىچىكلىتىپ ھۆكۈم قىلغىنىمىزدىمۇ ئامىمغا ئىشەنمەسلىك، يولداشلىرىغا ئىشەنمەسلىك، رەھبەرلىككە ئىشەنمەسلىك، تەشكىلگە ئىشەن‍مەسلىكتىن ئىبارەت خاتا ئىدىيۋى ئېقىمنىڭ ساقىندىسى دېمەي ئىلاجىمىز يوق. باشقىلارغا ئىشەنمەسلىك ھەممىلا ئادەمگە گۇمان بىلەن قاراش نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، ھەسەتخورلۇق، چىدىماسلىق، ئۆزىگە توغرا باھا بەرمەسلىك، ئۆزىنى چوڭ كۆرۈش ماھىيەتلىرىگە ئىگە بولۇپ، ئىقتىدارسىز كىشلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئاستا-ئاستا شەكىللىنىدىغان بىر خىل مەنىۋى كېسەللىك. ئىقتىدارسىز كىشلەرنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىگە توغرا باھا بېرەلمەسلىكتە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى باشقىلاردىن چوڭ كۆرىدۇ. ئۆزىنى چوڭ ئىشلار ئۈچۈن يارىتىلغاندەك، چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، رەھبەرلىك ۋاقتى- ۋاقتىدا بۇيرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئۇششاق-چۈششەك ئىشلاردىن باشقىغا يارىمايدۇ. لېكىن ئۆزىگە توغرا باھا بېرەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن رەھبەرلىكنىڭ، تەشكىلنىڭ ئۆزىنى چوڭراق ئىشلارغا مەسئۇل قىلىشنى، كاتتىراق ئەمەل بېرىشنى تەمە قىلىپ يۈرۈيدۇ. رەھبەرلىكنىڭ ئەتراپىدا پاي-پېتەك بولۇپ، خۇشامەتچىلىك قىلىدۇ. ھەتتا رەھبەرلىك خىزمىتىدىكى مەلۇم بىر شەخسنىڭ بىرەر ئېغىز دەپ سالغان گېپىگە تايىنىپ ئۆزىنى ئۆزى ۋەزىپىگە تەيىنلەپ، ئاغزىنى تاتلىق ئېتىدۇ. ۋەھالەنكى ئۇلارنىڭ ئىقتىدارى، خۇي-پەيلى، ئەخلاقىي پەزىلىتى كۆپچىلىككىلا ئەمەس رەھبەرلىككىمۇ ئايان بولۇپ، تەشكىلىي پرىنسىپ بۇنداق ئادەملەرنى ۋەزىپىگە قويۇشقا رۇخسەت قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۈمىدلىرى يوققا چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىگە توغرا باھا بېرەلمىگەن‍لىكتىن ئىبارەت ئاجىزلىقى ئۇنى يەنە يېڭى -يېڭى ئۈمىدلەر بىلەن قاناتلاندۇرۇپ باقىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ ئۈمىدلەر يەنىلا ئارقىمۇ-ئارقا بەرباد بولىدۇ. ھېلىقى مەنسەپ



مەستانىسى تەكرارلىنىشلار داۋامىدا ئۆزىنى چەتكە قېقىلىۋاتقاندەك، كەمسىتىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ-دە، ئۇنىڭ كۆڭلىدە باشقىلارغا، رەھبەرلىككە، تەشكىلگە ئىشەنمەسلىك روھىي ھالىتى شەكىللىنىشكە باشلايدۇ، قەلبىنى گۇمان تۇمانلىرى باسىدۇ. ئىشەنمەسلىك روھىي ھالىتى تەرەققىي قىلىپ ھەسەتخورلۇقتىن ئىبارەت مەنىۋى كېسەلگە ئايلىنىدۇ.

ھېلىقى گەپنى دېگۈچى ماڭا ئۇبدانلا تونۇشلۇق بولۇپ، ئىلگىرى مەن ئۇنىڭ: «ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇدىر بولىدىغاندەك تۇرىمەن»، «مېنى يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ۋەزىپىگە قويماقچى بولدى»، «تەشكىلات بۆلۈمگە يۆتكىلىپ بارسام، ئۇزاق قالماي مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولۇشتىن ئۈمىد بار»، پالانى ماڭا ئۇنى دېدى، پوستانى ماڭا بۇنى دېدى دېگەندەك گەپلىرىنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغانتىم. ھەتتا ئۇنىڭ يۈرۈش- تۇرۇشى گەپ- سۆزلىرىدىن كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ ھېلىقى مەنىۋى كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنىمۇ ھېس قىلغانىدىم. ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىش جەريانى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ھەسەتخورلۇق، ئىشەنمەسلىك روھىي ھالىتىنىڭ پەيدا بولۇش قانۇنىيىتىگە بەكلا ئوخشاپ كېلەتتى. مەن ئۇنىڭ بۈگۈنكى «مەن ھېچكىمگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدىم. ھەممە ئادەمدىن گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالدىم» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ راستىنلا ئېغىر مەنىۋى كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندىم.

ياشلار بۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولۇشتىن، بۇنداق كېسەلنى يۇقتۇرۇۋېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. باشقىلارغا ئىشەنمەسلىك روھىي ھالىتىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىپ ھەسەتخورلۇققا ئايلىنىشىنىڭ باشلىنىشى مەنسەپپەرەسلىك ۋە تەمەخورلۇق بولۇپ، بۇ، تەربىيىلىنىشكە دىققەت قىلىسىلا تۈزىتىپ كەتكىلى بولىدىغان ئەھۋال. بىلىش كېرەككى ئاتا- بوۋىلىرىمىز «گۇمان ئىمانىنى قاچۇرىدۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغان. (09)

## گۈل سوۋغا قىلىشتا

يېڭى توي قىلغانلارنى تەبرىكلەشتە: رەڭگى چىرايلىق، خۇش پۇراق، روشەن مەنىگە ئىگە گۈللەرنى تاللاش كېرەك. مەسىلەن: ئەتلەسگۈل (ئېۋفوربىيە چاتقىلى)، جۇڭگو ئەترگۈلى، گۈلسۈرۈخ، چىللىگۈل قاتارلىقلار.

مۇھەببەت- ھېسسىياتنى ئىزھار قىلىشتا: سىز ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە بىر دەستە قىزىل گۈلسۈرۈخ (قىزىل ئەترگۈل) سوۋغا قىلىڭ. گۈلساماساق، كۆركۆم (زىلالە) لەرنىمۇ سوۋغا قىلىشقا بولىدۇ. سېرىق كۆركۆم مۇھەببەتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇڭا ئۇنى ھەرگىز سوۋغا قىلىشقا بولمايدۇ.

كېسەل يوقلاشتا: سۇس ۋە قېنىق رەڭدىكى گۈللەرنى تاللاش كېرەك. مەسىلەن: كەترەن (پىگان گۈل)، جۇڭگو ئەترگۈلى، قەلەمپۇر چىنىگۈل، ئىپارگۈل.

ئەپسۇسلىنىش، ياد ئېتىش ياكى قايغۇ، تەزىيە بىلدۈرۈش مەنىلىرىنى ئىپادىلەشتە: ئاق رەڭلىك گۈللەرنى تاللاش كېرەك. مەسىلەن: ئاق ئەترگۈل، ئاق جۇخارگۈل، ئاق چىنىگۈل، ئاق تاقاگۈل (تۇيافگۈل) قاتارلىقلار.

يىگىدىن بارلىققا كەلگەن بەزى بايراملاردا، مەسىلەن: ئانىلار بايرىمىدا قەلەمپۇر چىنىگۈل، گۈلساماساقنى؛ ئاشىق- مەشۇقلار بايرىمىدا قىزىل ئەترگۈل، كۆركۆمنى؛ ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدا گۈلسۆسەر (خەنجەر يوپۇرماقلىق پىچانگۈل)، جۇخارگۈل، قەلەمپۇر چىنىگۈل قاتارلىقلارنى تاللاش كېرەك. باھار بايرىمىدا چىرايلىق ئۇرالغان تەشتەكلىك گۈللەرنى، مەسىلەن: نورۇزگۈل (ئاقچېچەك)، توشقانگۈل (ئالپ گۈلبىنەپشىسى) قاتارلىقلارنى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بايراملىق كىچىك گۈل سېۋەتلەرنى سوۋغا قىلىشقىمۇ بولىدۇ. (06)

گۈلى مۇتەللا (ت)

# ئالىي مائارىپ بويىچە ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش كەسپىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندۇ

سىز ئۆز ئورنىڭىزدا خىزمەتتىن، ئىشتىن ئايرىلماي تۇرۇپ ئالىي مەلۇماتلىق بولۇشنى خالامسىز؟ ئەگەر خالىسىڭىز، تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىڭ:

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن، ئۈرۈمچى ئىجتىمائىي كەسپىي تېخنىكومى ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش بۆلۈمى ئالىي مائارىپ بويىچە تۆۋەندىكى كەسپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ:

ئۇيغۇر ئەدەبىيات كەسپى. مەخسۇس كۇرس (داجۇەن)، ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل.

خەنزۇ تىل - تەرجىمانلىق كەسپى. مەخسۇس كۇرس (داجۇەن)، ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل.

قانۇن كەسپى. مەخسۇس كۇرس (داجۇەن)، ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل.

مالىيە - بوغالتىرلىق كەسپى. مەخسۇس كۇرس (داجۇەن)، ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل.

پۇل مۇئامىلە كەسپى. مەخسۇس كۇرس (داجۇەن)، ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل.

رۇس تىلى كەسپى. مەخسۇس كۇرس (داجۇەن)، ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل.

ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر باشقۇرۇش كەسپى. مەخسۇس كۇرس (داجۇەن)، ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل.

ئاخباراتچىلىق كەسپى. مەخسۇس كۇرس (داجۇەن)، ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل.

سانائەت - ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپى. مەخسۇس كۇرس (داجۇەن)، ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل.

مەمۇرىي باشقۇرۇش كەسپى. مەخسۇس كۇرس (داجۇەن)، ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل.

ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات كەسپى. تولۇق كۇرس (بېنكې)، ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش مۇددىتى 2 يىل.

خەنزۇ تىل - تەرجىمانلىق كەسپى. تولۇق كۇرس (بېنكې)، ئوقۇش مۇددىتى 2 يىل.

قانۇن كەسپى. تولۇق كۇرس (بېنكې)، ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش مۇددىتى 2 يىل.

ئوقۇتۇش ئۇسۇلى:

ھەر بىر كەسپنىڭ دەرس تۈرلىرى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىش ئىشخانىسى ئورۇنلاشتۇرغان دەرس تۈرى بويىچە، ئىمتىھان ئېلىشتىن

بىرىم يىل بۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش بۆلۈمى ئوقۇغۇچىلارنى دەرسلىك كىتابى، ئۆگىنىش ماتېرىيالى، تەقلىدىي ئىمتىھان سوئال - جاۋابلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئورۇنلاشتۇرۇلغان دەرس تۈرى بويىچە ھەر دەرستە 5 قېتىم تاپشۇرۇق بېرىپ، ئۆگىنىشكە يېتەكلەيدۇ. ھەر يىلى 4- ۋە 10- ئايلاردا ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھان ۋاقتىدىن 15 كۈن بۇرۇن ئوقۇغۇچىلارنى ۋىلايەت مەركىزى ياكى شارائىتى بار ناھىيىلەرگە يىغىپ، بىرىم ئاي كونسۇلتاتسىيە قىلىدۇ.

مەكتەپ پۈتتۈرۈش:

ئوقۇغۇچىلار كەسىپ تۈرى بويىچە، ئۆزى تۇرۇشلۇق ۋىلايەت (ناھىيە)لىك مائارىپ ئىدارىلىرىدىكى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرنى تىزىملاش ئىشخانىسىغا بېرىپ تىزىملىتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئېلىنىدىغان بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتنىشىدۇ. ئۆز كەسپى بويىچە بارلىق دەسلەرنىڭ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ لايىقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن مەخسۇس كۇرس (داجۇەن) ياكى تولۇق كۇرس (بېنكې) دىپلومى بېرىدۇ، دۆلەت ئوقۇش تارىخىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ.

ئوقۇش راسخوتى:

ئاپتونوم رايونلۇق مال باھا ئىدارىسىنىڭ 00303- نومۇرلۇق تەستىقى بويىچە، مەخسۇس كۇرس ۋە تولۇق كۇرسنىڭ بارلىق كەسىپلىرىگە ھەر يىللىق ئوقۇش راسخوتى ئۈچۈن 800 يۈەن ئېلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش بۆلۈمىگە ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئوقۇش راسخوتىنى پوچتا ئارقىلىق بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىدۇ. ئوقۇش خىراجىتى دەرسلىك، ماتېرىيال ھەققى، پوچتا ھەققى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تىزىملاش ئۇسۇلى:

ئالدى بىلەن ئوقۇيدىغان كەسپىنى، ھازىرقى بىلىم سەۋىيىسىنى، تەپسىلىي ئادرېسىنى ئېنىق يېزىپ ۋە ئىككى پارچە سۈرەتنى قوشۇپ، مەكتىپىمىزنىڭ ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش بۆلۈمىگە ئەۋەتىدۇ. قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشى ۋە ئوقۇغۇچىلىق گۇۋاھنامىسى ئەۋەتىلىدۇ. بۆلۈمىمىز ئوقۇغۇچىلار توپلاشقان ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەرگە مەخسۇس خادىم ئەۋەتىپ، سىنىپ تەشكىللەيدۇ، ئالاقىلەشكۈچى سىنىپ مۇدىرلىرىنى تەكلىپ قىلىدۇ.

تىزىملاش ئورنى:

ئۈرۈمچى شەھىرى قارلىغاچلىق يولى 30- قورۇ ئۈرۈمچى ئىجتىمائىي كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومى ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش بۆلۈمى.

پوچتا نومۇرى: 830049

ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2865713

ئالاقىلەشكۈچى: ئابدۇرېھىمجان

# ياخشى نام - ئاتاق سىزگە ئىشەنچ ئاتا قىلىدۇ

★ ئەنۋەر ★

5

1 ياش چاغلار ئادەمنىڭ تازا تېتىك، جۇشقۇن، مەغرۇر چاغلىرى ئىكەن. ئۇنداق چاغدا ئادەم باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىشىغا ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ئۆزىنىمۇ بىر ئادەم قاتارىدا كۆرۈپ، ئىززەتلىشىگە مۇھتاج بولىدىغان چاغلىرى ئىكەن. باشقىلارغا بىر نەرسە بەر دېسە باللارچە خۇشاللىق بىلەن يۈگۈرۈش، باشقىلاردىن بىر نەرسە سوراپ كىر دېسە، خىجىل بولۇش ـ بەلكىم ھەممىلا باللارغا ئورتاق پىسخىكا بولسا كېرەك.

ئائىلىمىز ئىنتايىن تىرىشچان ھەم ئىقتىسادچىل بولۇپ، ئەزەلدىن نېسىگە مال سېتىۋالمايتتۇق. بىر قېتىم پۇلىمىز كەملەپ قالدى. دۇكان خوجايىنى ماڭا ئىشىنەرمۇ؟ ئېھتىياتچانلىق بىلەن بوش ئاۋازدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا:

ـ بۇ قېتىم نېسىگە ئالىمەن، ـ دېدىم.

ناھايىتى كۈلكىلىك تۇيۇلغان چېغى، بىر خېرىدار ماڭا مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى، لېكىن دۇكان خوجايىنىنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. ئۇ ۋەزمىن ئاھاڭدا:

ـ بولىدۇ، داداڭ ناھايىتى گېپىدە تۇرىدىغان ئادەم ـ دېدى ۋە ھېلىقى خېرىدارغا قاراپ:

ـ بۇ ناھايىتى ئىشەنچلىك بىرەيلەننىڭ ئوغلى ـ دېدى مېنى تونۇشتۇرۇپ، شۇندىلا ھېلىقى خېرىدار ناھايىتى دوستانە قىياپەتتە ماڭا بېشىنى لىڭشىتتى. بۇ ئىش مېنىڭ گۆدەك قەلبىمدە ئىززەت- ئابروي ۋە ئۆزىگە ئىشىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى تۇنجى بولۇپ تونۇتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ مەن بىر ياخشى نام-ئاتاقنىڭ كىشىگە مۆلچەرلىگۈسىز ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم. ئاتا-ئانام قولغا كەلتۈرگەن ئىشەنچ نام- شەرەپ بىزگىمۇ ئابروي ئېلىپ كەلگەنىدى.

ياخشى نامنى تېخىمۇ ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈستىكى مېنىڭ ئائىلىمىزدىكى تۇنجى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، ئاخىرى بولسا، شەرەپلىك خەلق ئوقۇتقۇچىسىغا ئايلىنىشىمغا تۈرتكە بولدى...

مەن جەمئىيەتنى كۆزەتكەنسېرى ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتنىڭ ئار- نومۇس، خىجىل بولۇش ئېڭىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىنتايىن ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى ياخشى ئاتاقتىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتى، ئائىلىلەرنى، ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنى مەردانە، نومۇسچان ئادەم بولۇشقا چاقىرىدۇ. ئار-نومۇس ئېڭى خۇددى بىر قولنىڭ كەينىدەك كەم بولسا بولمايدۇ.

بىز ـ يۇقىرىقىلاردىن ئار-نومۇسنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى، بىر ياخشى نام-ئاتاقنى ۋە ئىشەنچنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ تولىمۇ تەسلىكىنى، ئۇنىڭغا داغ تەگكۈزمەسلىككە تىرىشىشنىڭ ھەم مۇھىملىقىنى چۈشىنىشىمىز زۆرۈر، مانا بۇ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ، ئالىيجاناب، ئىشەنچلىك ئىنسانلارنىڭ، شۇنداقلا گۈزەل ئىستىقبالنىڭ زامانداشلىرىمىزغا يۈكلىگەن شەرەپلىك مەجبۇرىيىتى.(09)



# ساختا پۇلنى بىلىپ تۇرۇپ ئىشلىتىش قانۇنغا خىلاپ

★ ئۆزدى ئىسمائىل ★

ئەجتىمائىي ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا، قانۇنلۇق راست خەلق پۇلى بىلەن ساختا خەلق پۇلىنى پەرقلەندۈرەلمەيدىغان ياكى كىچىككىنە بىخەستەلىك تۈپەيلىدىن مۇئەييەن سوممىدىكى ساختا خەلق پۇلىنى ئېلىپ قالىدىغان ئىش يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار كۆپىنچە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ سودىسى ئىنتايىن باس-باس بولۇپ كەتكەن ۋاقىتلاردا، كېچىلىرى سودا-سېتىق قىلغاندا، چىراغ يورۇقى ئانچە ياخشى بولمىغان ۋاقىتلاردا كۆپرەك بولۇپ تۇرىدۇ. ئالدىنىپ ساختا پۇلنى ئېلىپ قالغان كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن ئاز قىسمى ساختا پۇلنى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرسىمۇ، يەنە بىر قىسمى ساختا پۇلنى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرمەي، مەنمۇ باشقىلارنى ئالدايچۇ دەپ ئويلايدۇ-دە، ئۇ ساختا پۇلنى داۋاملىق ئىشلىتىپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە دۆلىتىمىزنىڭ خەلق پۇلىنى باشقۇرۇش تەرتىپىگە داۋاملىق بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ.

دۆلىتىمىزدە خەلق پۇلى دۆلەتنىڭ قانۇنىي پۇلى، ئۇنىڭ يۈرۈشۈشىنىڭ نورمال بولۇش -بولماسلىقى پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇقىملىقىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. 1995- يىل 3-ئاينىڭ 18-كۈنى ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جۇڭگو خەلق بانكىسى قانۇنى»نىڭ 18-ماددىسىدا: «پۇلنى يالغاندىن ياساش، ئۆزگەرتىپ ياساش مەنئى قىلىنىدۇ؛ ياسالغان، ئۆزگەرتىلگەن يالغان خەلق پۇلىنى سېتىش- سېتىۋېلىش مەنئى قىلىنىدۇ، ياسالغان، ئۆزگەرتىلگەن يالغان خەلق پۇلىنى توشۇش، ساقلاش، ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ؛ خەلق پۇلىنى قەستەن بۇزۇۋېتىش مەنئى قىلىنىدۇ؛ خەلق پۇلى نۇسخىسىنى تەشۋىقات بۇيۇملىرى، نەشر بۇيۇملىرى ياكى باشقا تاۋارلاردا قانۇنسىز ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. يەنە مۇشۇ قانۇننىڭ 42-ماددىسىدا: «ياسالغان، ئۆزگەرتىلگەن خەلق پۇلىنى سېتىۋېلىپ ياكى ياسالغانلىقىنى، ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ساقلاپ، ئىشلىتىپ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەر قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ؛ قىلمىشى يېنىك بولغانلارنىغا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى 15 كۈندىن تۆۋەن توختىتىپ قويۇش جازاسى بېرىدۇ، 5000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئۆتكەن يىلى ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغان يېڭى «جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 172 ماددىسىدا يۇقىرىدىكى ماددا كونكرېتلاشتۇرۇلۇپ: «يالغان پۇل ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىلكىدە تۇتقان ۋە ئىشلەتكەنلىرىدىن مىقدارى كۆپرەك بولغانلارنىغا 3 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ. مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولغانلارنىغا 3 يىلدىن يۇقىرى 10 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ، مىقدارى پەۋقۇلئاددە كۆپ بولغانلارنىغا 10 يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. شۇڭا ئالدىنىپ ساختا پۇلنى ئېلىپ قالغان كىشىلەر مەن بۇ پۇلنىڭ ساختا پۇل ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئالمىدىم، مېنى باشقىلار ئالدىغان ئىكەن مەنمۇ بۇ پۇلنى باشقىلارنى ئالداپ خەجلەيمەن، دەپ قاراپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن تېخىمۇ چوڭ زىيان تارتىپقېلىشتىن ھەتتا جىنايى جازاغا تارتىلىپ جىنايەتچى بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك.(05)

# پۇشايماننىڭمۇ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ

★ تۇرغۇن ئۆمەر ★

بىز «كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن» دەيدىغان گەپ بار. ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا پۇشايمان قىلىشتىن ساقلانغىلى، پۇشايمان قىلىدىغان ئىشلارنىڭ زىيىنىنى ئازايتقىلى ھەمدە ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ؟

«پۇشايمان» سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى: كىشىلەر ئۆزىنىڭ ياشاش مۇساپىسىدە بەزى ئىشلارنى ۋە بەزى سۆزلەرنى بىلىپ- بىلمەي خاتا قىلىپ قويۇپ، مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن شۇ ئىش ياكى گەپ - سۆزلىرىنىڭ تولىمۇ بىھۇدە، نامۇۋاپىق بولغانلىقىنى بايقاپ ياكى تونۇپ يېتىپ «بۇنداق قىلمىسام بوپتىكەن» دەپ ئازابلىنىشىنى، ئېچىنىشىنى كۆرسىتىدۇ.

بىز ئادەتتە كىشىلەرنىڭ ھەر خىل پۇشايمانلىرىنى كۆرۈپ تۇرىمىز، ئاڭلاپ تۇرىمىز. ھەتتا بەزىدە ئۆزىمىزمۇ ئۇنىڭدىن خالىي بولالمايمىز. پۇشايمان ئىنسانلار تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭىمۇ بولىدۇ، كىچىكىمۇ بولىدۇ. دۆلەت، جەمئىيەت، خەلق مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچراتقاندىن كېيىنكى پۇشايمان چوڭ پۇشايمان ھېسابلىنىدۇ. بەزىدە پۇشايمان قىلغۇچى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ قىلغان پۇشايمانلىرىنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن دەسلەپتە قىلغان پۇشايمانلىرى ئۆزلۈكىدىن يوققا چىقىدۇ. بۇ خىل پۇشايمان ئادەتتىكى پۇشايمان ياكى كىچىك پۇشايمان ھېسابلىنىدۇ.

يەنە بىر خىلى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ. پۇشايمان قىلغۇچىنىڭ پۇشايمىنى چوڭقۇرلاشقانسېرى ئۇنىڭ پىسخىكىسىدا چۈشكۈنلىشىش، ئازابلىنىش كۆرۈلىدۇ. ئېغىرراق بولغانلىرى ھەر خىل كېسەللىكلەرگە دۇچار بولىدۇ. بەزىلىرى ئۆلۈۋېلىش يولىغا قەدەم قويىدۇ.

يۇقىرىدا، بىز پۇشايماننىڭ تۈرلىرى ۋە بەزى ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق، ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا پۇشايماندىن ئىمكانقەدەر ساقلانغىلى، پۇشايماننىڭ زىيىنىنى ئازايتقىلى ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ؟

1. پۇشايمان قىلىدىغان ئىش - ھەرىكەت، گەپ- سۆزلەردىن ئامال بار ساقلىنىش لازىم. بۇنىڭدا: (1) ھەر قانداق ئىشنى قىلىش، ھەر قانداق سۆزنى دېيىشتىن بۇرۇن ئەستايىدىل ئويلىنىش كېرەك. بىزدە «يەتتە ئويلاپ بىر كەس» دېگەن تەمسىل بار. بۇ دېگەنلىك ھەر قانداق ئىشنى قىلىش ۋە سۆزلەشتىن



بۇرۇن ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ياخشى ئويلاپ كۆرۈش زۆرۈر. ئەتراپلىق ئويلاپ ئىش قىلغاندا ئاندىن خاتالىقلاردىن ساقلانغىلى، «پۇشايماننى ئالغىلى قاچا - يوق» بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، دېگەنلىك. شۇڭا، بىز ھەر بىر ئىشنى قىلىش ۋە سۆزلەشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ قانداق نەتىجە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى قايتا ئويلىشىشىمىز، قىلغان - ئەتكەنلىرىمىزنىڭ دۆلەتكە، جەمئىيەتكە ۋە خەلققە قانداق پايدا - زىيان كەلتۈرۈدىغانلىقىنى ئەستايىدىل ئويلاپ كۆرۈشىمىز لازىم. (2) بىھۇدە ئاچچىقلىنىشتىن ساقلىنىش لازىم. بىزدە «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقىنى يەڭگەن باتۇر»، «ئاچچىق بىلەن جەڭگە چىقما» دېگەن گەپلەر بار. ئادەم ئاچچىقلانغاندا، ئۆزىنىڭ كونتروللۇقىنى ئاسانلا يوقىتىپ، ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، ئاقىۋەتتە ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ ئېغىر زىيان كەلتۈرىدىغان خاتالىقلارنى سادىر قىلىدۇ. (3) ھاراق-شاراپقا ھەددىدىن زىيادە بېرىلمەسلىك كېرەك. بىزدە «مەستلىك - پەسلىك» دېگەن گەپ بار. ھاراق - شاراپقا نورمىدىن ئارتۇق بېرىلگەندە «ئىنسان» دېگەن ئۇلۇغ نامدىن مەھرۇم بولىدۇ. (4) ھەددىدىن زىيادە شەخسىيەتچىلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلمەسلىك كېرەك. ئادەم شەخسىيەتچىلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلگەندە ئۆز مەنپەئىتىنى ھەممىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ، «ئۆزۈمگىلا بولسا بولدى، باشقىلار بىلەن نېمە كارىم» دەپ دۆلەت، خەلقنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزىدۇ. ئاخىرىدا تۈمۈر قەپەز ئىچىدە پۇشايمان ياشلىرىنى تۆكۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

2. پۇشايمان قىلىدىغان ئىش - ھەرىكەت، گەپ - سۆزلەر يۈز بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشنىڭ ياكى ئۇنىڭ زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشنىڭ ئامالىنى قىلىش كېرەك. (1) بىز ئادەتتە دوستلار، خىزمەتداشلار، ئۇرۇق- تۇغقانلارغا ۋە تونۇشلار ئارا پاراڭ سېلىشىپ كۆلكە - چاقچاق قىلىشىپ تۇرىمىز، بۇ ئارىدا بىزدە بىلىپ - بىلمەي بىرەر سۆزنى خاتا دەپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويۇشتىن ساقلىنالمايمىز. بىز بۇنداق ۋاقىتتا ئۆزىمىزنىڭ كەتكۈزۈپ قويغانلىقىمىزنى، خاتالىقىمىزنى ئۆز ۋاقتىدا ياكى كېيىنرەك بولسۇن، ئۇنى سەزگەن ھامان كۆڭلى رەنجىگۈچىدىن ئاكتىپلىق بىلەن ئەپۇ سوراپ، ئۇنىڭ كەچۈرۈشىنى سەمىمىي ئۆتۈنسەك پۇشايماننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغان بولىمىز. (2) ئىنسان بولغان ئىكەن، ئۇنىڭدا قايغۇ - ھەسرەت، خۇشاللىققا ئوخشاش ھەممە كەيپىيات بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئاچچىقلىنىش، تېرىكىشتىنمۇ ساقلىنالمايدۇ. ئاچچىقلانغاندا ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر مەلۇم بىر كىشى ئاچچىقىدا باشقىلار بىلەن تەگىشىپ، ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ئەمما زىيان كەلتۈرمىگەن بولسا ئاچچىقى بېسىلغاندا قارشى تەرەپتىن ئاكتىپلىق بىلەن ئەپۇ سورىشى، ئەگەر ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرگەن بولسا تۆلەپ بېرىشى، ئۇرۇپ، زەخىملەندۈرۈپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەن بولسا، ج خ ئورۇنلىرىغا ئاكتىپلىق بىلەن بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ قانۇننىڭ كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. (3) بەزى ياشلار ياخشى ئوقۇش، ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەندە ياخشى ئوقۇمايدۇ، تىرىشىپ ئۆگەنمەيدۇ. يەنە بەزىلەر ياخشى خىزمەت ئورنىغا ئېرىشكەندە، خىزمەتنى ئوبدان ئىشلىمەيدۇ. كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىدا بولىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ياشلار ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق ئەۋزەل شارائىتتىن ئايرىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن «ياخشىراق ئوقۇسام بوپتىكەن، تىرىشىپ ئىشلىسەم بوپتىكەن» دەپ ۋايسىغىلى تۇرىدۇ. بۇنداق پۇشايماننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشنىڭ بىردىنبىر ئامالى شۇكى، شارائىتنىڭ قانداق ناچار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار جاپالىق ئۆگىنىش ۋە جاپالىق ئىشلەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئادىي ئۆگىنىش، خىزمەت ئورۇنلىرىدا پارلاق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاتا- ئانىسىغا، خەلقىگە ۋە ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇشى كېرەك. (07)

# خىزمەت، سەن قانچىلىك نېمىتسەن

★ ئەسقەر داۋۇت ★

***تەھرىر ئىلاۋىسى:*** *دەۋر ئۆزگەردى، كەيپىيات يېڭىلاندى، زامان ئىلگىرىلىدى. ئېلىمىزنىڭ 20 يىللىق ئىسلاھاتى بىزنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ۋە كىشىلىك ھاياتىمىزغا يېڭى قىممەت ۋە يېڭىچە قاراشلارنى بەخش ئەتتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ داغدۇغىلىق ئاپيارات ئىسلاھاتى «ئىشتىن ئادەم كۆپ، ئىشلەيدىغانلاردىن ئىشلىمەيدىغانلار كۆپ» بولۇشتەك پاسسىپ ئەھۋالغا قارىتا يېقىندا داغدۇغىلىق ھالدا «ئىش ئورنىدىن ئايرىلىش» چاقىرىقىنى جاكارلىدى. بۇ دۆلەت خىزمەتچىلىرى ئىسلاھاتىدىكى توغرا يول، ئەقىلانە تاللاش، پارتىيىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىدىكى بىر چوڭ سەكرەش ۋە ئىلگىرىلەشتۇر. ئەلۋەتتە بۇ ھەر بىر دۆلەت خىزمەتچىسىدىن شۇنداقلا ھەربىر يۇقىرادىن ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كونا ئاڭ ۋە چاكىنا قاراشلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ، خىزمەت، تۇرمۇش ۋە كىشىلىك ھايات مەسىلىلىرىدە يېڭى قىممەت ۋە يېڭى ئىدىيە شەكىللەندۈرۈشنى مۇراجىئەت قىلىدۇ. مەزكۇر سانىمىزدىكى قىزىق لىنىيەرىمىزدە ياش تەھرىرىمىز، تالانتلىق قىزىق نۇقتا يازغۇچىمىز ئەسقەر داۋۇتنىڭ بۇ ھەقتىكى قىياس ۋە ئويۇنۇشلىرىنى مۇشتەرىلەرنىڭ دىققىتىگە سۇندۇق. ئىشىنىمىزكى، بۇ ماقالە سۆيۈملۈك ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ كاللىسىدىكى تۈگۈننى يېشىشكە ھەمدەم بولالايدۇ.*

ئاپتوبۇس توختاۋسىز ئىلگىرىلىمەكتە. تاقىرتاغلار، ئەگرى- بۈگرى يوللار ئەگسىز، قۇرغاق ئوي - خىياللىرىمنى كۆشىمەكتە. يېنىمدا ئولتۇرغان، ئۇزايدىن پەرىشانلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان بۇ يىگىت بىلەن سەپەرداش بولغىنىمغا 3 ـ 4 سائەت بولغان بولسىمۇ، ئارىمىزدا ھېچقانداق زۇۋان- سۆرەن بولمىغانىدى.

ـ سىز مۇخبىرمۇ، ـ دېدى ئۇ ئۇشتۇمتۇت ئارىمىزدىكى سۈكۈتنى بوزۇپ.

ـ ھەئە، شۇنىڭغا يېقىن، ـ دەپلا جاۋاب بەردىم مەن ئارتۇقچە چۈشەندۈرۈشنى خالىماي. ـ سىزچۇ؟

ـ مەن بىر نەس باسقان يىگىت.

ئۇنىڭ جىددىي، زەردىلىك جاۋابىدىن ئەجەپلەندىم.

ـ بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ـ ئۇ جىددىي تەلەپپۇزدا ئېغىز ئاچتى:

ـ بۇ مۇنداق ئىش. مەن ئەسلىدە بولغۇسى خوتۇنۇمنى باشلاپ، قىز مېلى ئالغىلى ئۆرۈمچىگە كەلگەن. مەن ئۇنى مۇقىم خىزمىتى



بار، ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر دەپتىرىدە ئىسمى بار رىسقى پۈتۈن قىز دەپ شاپاشلاپ يۈرۈپ ئاران قولغا كەلتۈرگەن ئىدىم. مانا، مانا بۈگۈنگە كەلگەندە دۇمباق يېرىلدى!

ئۇنىڭ كۆچەپ، قاتتىق ئىچىنىش تۇيغۇسى بىلەن تىزىغا شاپىلاقلاپ تۇرۇپ ئېيتقان ئاخىرقى ئۇرغۇلۇق بىر جۈملە سۆزى ئاپتوبۇستىكىلەرنىڭ ئۇيقۇسىنى ئىچىۋەتتى. ئۇ گېپىنى داۋام ئەتتى:

— مەن تۈگەشتىم، ئەمدى مەن تۈگەشتىم، ئىسست مېنىڭ ئەقىدەم، — ئۇ توساتتىن ھۆكىرەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بۇنداق نورمالسىز كەيپىياتتا مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي، ئۇنىڭغا تەسەللىي ئېيتقاچ ئاغزىغا تەلمۈردۈم.

— ئاشكارىلاندى، ئاخىرى ئاشكارا بولدى...

— نېمە ئاشكارا بولدى، — مەن تېخىمۇ ئەجەبلىنىپ، قانداقتۇر بىر چوڭ مەخپىيەتنىڭ سىرىغا تەڭ داخىل بولماق بولۇپ جىددىي قىياپەتتە سورىدىم.

— ئۇنىڭ خىزمىتى مۇقىم ئەمەسكەن، ئۇ تېخىچە توختاملىق خىزمەتچىكەن، — ئۇ يەنە ھۆكىرىدى.

— ھە، ئاندىن قانداق بولدى، — مەن يەنە جىددىي تەرزدە سورىدىم.

— شۇ ئاچچىقىمدا تويلۇق كىيىم - كېچەك، زىبۇ- زىننەتلەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ئۇنىڭدىن تارتىۋېلىپ، ئۇنى ئۈرۈمچىدە يالغۇز تاشلاپ ئارقىمىغىمۇ قارىماي يۇرتۇمغا قايتىپ كېتىۋاتىمەن!

— ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان غەزەپ ۋە بىمەنە بايانلاردىن چېكە تومۇرلىرىم يېرىلغۇدەك بولغان بولسىمۇ ئۆزۈمگە ھاي بېرىپ ئاخىرقى بىر جۈملە سوئالنى سورىۋېلىشقا ئۈلگۈردۈم.

— ئۇنى ياخشى كۆرەمتىڭىز؟!

— ياخشى كۆرەتتىم. ئۇنى جېنىمدىنمۇ ئەزىز كۆرەتتىم، ئىسست مېنىڭ ئەقىدەم، ئىسست مېنىڭ مۇھەببىتىم...

بىزنىڭ قىسقىغىنە سۆھبىتىمىز ئۇنىڭ بىمەنە يىغىسى ۋە ئورۇنسىز ۋايساشلىرى بىلەن ئاخىرلاشتى. دېمەك ئۇ خىزمەت، ئاشۇ ئاتالمىش «مۇقىم خىزمەت» ۋەجىدىن ئۆزى چىن ئەقىدە قىلغان، ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىپ، ئۆمۈرلۈك ھەمراھلاردىن بولۇشقا قول بېرىشكەن دىلكۈيەرىنى تاشلاپ كەتكەنىدى.

ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋالدىم. بۇ بىنورمال يىگىتنىڭ ۋايساشلىرىدىن قانداقتۇر ئۇنىڭدىن ئەپسۇسلىنىش، نەپرەتلىنىش ئەمەس، بەلكى خەلقىمىز ئارىسىدا ئومۇملاشقان، ئادەتكە ئايلانغان سادىدا قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش قارىشى ھەققىدە قايتىدىن، ئۆزگىچە يول بىلەن ئويلىنىشقا، پىكىر قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

خىزمەت، خىزمەت... سەن نېمە دېگەن ئۇلۇغ، نېمە دېگەن قۇدرەتلىك ھە...

خىزمەت، خىزمەت... سەن گوياكى ئاخشامدىكى ئېگىز تاغ ئۈستىدە چاراقلاپ تۇرغان مەرۋايىت نۇرسەن، قانچىلىغان ئادەملەرنى ئىنتىزار قىلىپ تۇرغان. سەن گوياكى لاتاپەتلىك ساھىبجامالنىڭ نازۇكەرەشمىلىك چېھرىدە «يالت»لا قىلىپ چاقنىغان سېھىرلىك زىناقسەن، قانچىلىغان ئادەملەرنى ئىشقى - پىراقىڭدا كۆيدۈرۈپ، قانچىلىغان ئادەملەرنى ھىجران دەشتىگە تاشلىغان. سەن گوياكى بىر قۇدرەتلىك كۈچسەن، ئۇرۇق قورايدەك گەۋدىلەرنى بىر

دەمدىلا بادامدەك سەمرىتىپ، مەجنۇنتالدەك ئەۋرىشىم، سۆگەتتەك دۇمچەك قامەتلەرنى سىمتاناپتەك تىك، سۇ مۇناردەك ئېگىز، مەغرۇر، كۆرەك قىلالىغان...

ھەقراست، ھېلىقى كەيپى ئۇسال يىگىتتە نېمە گۇناھ، ھېلىقى بەختى قاچقان قىزچاقتا نېمە گۇناھ، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ساددا، ساۋاتسىز، نادانلىق پاتقىقىغا كۆمۈلۈپ قالغان بۇنداق كىشىلەردە نېمە گۇناھ.

بازار ئىگىلىكى تېخى ئەمدىلا بىخ ئۇرۇۋاتقان، ئىگىلىك شەكلى ۋە ئىقتىسادىي مەنبە تېخى كۆپ قۇتۇپلىشىش، كۆپ قاتلاملىشىش باسقۇچىغا يەتمىگەن، ئىقتىسادىي مۇۋازىنەت ۋە تەلەپ - تەمىنلەش ئېكولوگىيىسىدىكى كونا رامكا تېخى تولۇق يىمىرىلىپ تاشلانمىغان ئەھۋالدا ئادەملىرىمىزنىڭ ئاڭ، ساپا ۋە كىشىلىك قاراش مەسىلىسىدە تۈرلۈك كاشىلا ۋە پۇچەكلىك بولۇشى ئەلۋەتتە تۇرغان گەپ. شۇڭلاشقىمۇ بىزنىڭ ئايرىم ئائىلىلىرىمىزدە ئاز ساندىكى تەلەيلىك پەرزەنتلەر پەقەت مۇقىم خىزمىتى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئاتا- ئانىلىرى تەرىپىدىن كۆپ ساندىكى پەرزەنتلىرىنىڭ ئەكسىچە پەرقلىق ھالدىكى مېھىر- مۇھەببەت ۋە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. قارشى تەرەپنىڭ مۇقىم، قولايلىق خىزمىتى بارلىقىنى بىلگەن ھامانلا ئايرىم ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەتىۋارلىق قىزىنى بوسۇغىسىدا ئەلچىنىڭ قارىسى كۆرۈنە - كۆرۈنمەيلا قوش قوللاپ بېرىۋېتىدۇ. تەقدىر- پېشانىسىدىكى ئوڭ- تەتۈرلۈك (بىزدە بۇ خىزمەتتىكى مۇقىم - مۇقىمسىزلىق دەپ چۈشىنىلىدۇ) ۋەجىدىنلا ئۆمۈرلۈك دوستلۇققا قول بېرىشكەن جان- جىگەر، قىيامەتلىك دوستلار خۇددى «پادا باققاندا دوست بولۇپ، ياغاچ چاققاندا ئايرىلغان»دەكلا تەرەپ- تەرەپكە تېرە- پىرەڭ بولۇپ كېتىدۇ. پەقەت مۇقىم خىزمىتى بولغانلىقى تۈپەيلىدىنلا بەزى كىشىلەر ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىغا يەپ- ئىچەلەيدۇ، يېتىپ - قوپالايدۇ، ساياھەت قىلالايدۇ. ئايرىملىرى ھەتتا مۇقىم، قولايلىق خىزمىتى بولغانلىقى ئۈچۈنلا پارا ئالالايدۇ، چىرىكلىشەلەيدۇ، ئازراق ئېپى بارلىرى تېخى ئورغۇنلىغان مۇقىم خىزمەتنى توپ ئېلىپ يۇقىرى باھادا پارچە ساتالايدۇ. بۇنداق ئالاھىدە ئىمتىياز ۋە پەۋقۇلئاددە سالاھىيەت قانداقمۇ ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر دەپتىرى سىرتىدىكى «شور پېشانىلەر»گە نېسىپ بولسۇن. ئۇلار قانداقمۇ ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتچىسى نامى بىلەن چەكسىز مال- دۇنيا ۋە يۈز- ئابروي چىقىدىغان «ئالتۇن قەسىر»نىڭ ئاچقۇچىنى تۇتالىسۇن. ئۇلار قانداقمۇ ھېلىقى ئايرىم كىشىلەردەك ھايات - ماماتلىق ماددىي كاپالەتكە، ھايات- ماماتلىق جىسمانىي بىخەتەرلىككە ئېرىشەلىسۇن.

جەنۇبتىكى سەپىرىمدە، مەن ئۇچراتقان، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان تالاي ئىشلار... ئاللىقانداق ئارزۇ - ئارمان، ئاللىقانداق گۈزەل ئۈمىد بىلەن خورازچىللىماستىلا ئىسسىق ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئەسكى، كاتاڭ يوللاردا ئەبجەق ۋېلىسىپىتلىرىنى سۆرەپ يىراق سەھرا مەكتەپلىرىگە يول ئېلىۋاتقان سانسىز «بالا ئوقۇتقۇچىلار»، تاڭ ئاتارغا يېقىن ئامبۇر، كۈلۈچلىرىنى كۆتۈرۈپ، ھالسىز، ماجالسىز ھالدا ئۆيىگە كىرە - كىرمەيلا «پوككىدە» يىقىلىۋاتقان ماي چاپان، ئۆسەك ساقال ئىشچى ئاكىلار، ئاللىقايسى بالىسىنىڭ ئىشى بىلەن قىش- ياز دېمەيھاكىمنىڭ ئىشخانىسى، ئۆيى ئالدىدا سالپىيىپ ئولتۇرغان بەزى غەمكىن ئاتا- ئانىلار، ئېتىز- خامانلاردا، توپىلىق سەھنىلەردە، ئاتالمىش «كاتتىلارنى كۈتۈۋېلىش» سورۇنلىرىدا

20ـ 30 باھارىنى قۇربان قىلىپ، تۇمۇچۇقتەك ئەپچىل، تىوزدەك گۈزەل ھۆسن - جامالىدىن ئايرىلغۇچە بەدەل تۆلەپمۇ تېخىچە مۇقىملىشالماي يەنە قانداقتۇر ئاخىرقى مۆھلەتنى، ئاشۇ «تۈگىمەس ئاخىرقى مۆھلەت»نى كۈتۈپ، تۈگىمەس بۇيرۇقلارنى بەجا كەلتۈرۈۋاتقان بىتەلەي ئارتىسلار... ئۇلار نېمىشقا ياشايدۇ؟ ئۇلار بۇ ھاياتتىن يەنە نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟. «مۇقىم خىزمەت»، ئاشۇ ئاتالمىش «مۇقىملىشىش» ئۇلارنىڭ ئوي - خىيالىنىڭ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى، ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى بارلىق غەم-ئەندىشىنىڭ يادروسى، مەركىزى.

ئەپسۇس، ئەپسۇس، خىزمەت... خىزمەت، سەن شۇنچىۋالا مۇھىممۇ؟ سېنىڭسىز پەلەكنىڭ چاقى ئايلانماسمۇ؟ سېنىڭسىز بارلىق مەۋجۇدات ھەرىكەتتىن توختاپ قالارمۇ؟ سېنىڭسىز...

تەرەققىي تاپقان ئەللەر جەمئىيەتشۇناسلىرى، ئىنسانشۇناسلىرى ۋە كېلەچەكشۇناسلىرىنىڭ مۇنۇ مۇراجەتلىرى بۇ ھەقتە مېنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئويلىنىشقا، پىكىر قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. «ھۆكۈمەت خىزمىتى بىر خىل تەرتىپ ئىچىدە، مۇقىم، تۇراقلىق ھالەتتە يۈرگۈزۈلسىمۇ بىراق بەزى ھاللاردا بەزى كىشىلەرنى مۇستەقىل ياشاش ۋە پىكىر قىلىش ئىقتىدارىدىن ياتلاشتۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىجادچانلىقتىن ئىبارەت بىرلەمچى ئادەملىك بەلگىسىنى، ئەگىشىش ۋە تەقلىد قىلىشتىن ئىبارەت پاسسىپ ئالامەتلىك ئىككىلەمچى ئادەملىك ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا مەنبە بولۇپ قالىدۇ» (س. بېلوشۋېچ ‹روسىيە›)، «ھۆكۈمەتنىڭ مۇقىم شتاتلىق خىزمىتى ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا باشقا نۇرغۇن كەسىپ ۋە ئىش تەقسىمات تۈرلىرىگە ئوخشاش جان بېقىش ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈشتىكى ۋاستە. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇ كىشىلەرنىڭ - دىققەت نەزەرىنى بىر خىللا مەشغۇلات ۋە خىزمەت تەرتىپىگە مەشغۇل قىلىپ قويغاچقىمۇ ئادەملەرنى ئۇنىۋېرسال ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش ۋە تولۇقلىما بىلىم ئېلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىش بىلەن بىرگە، كىشىلەرنى ئۆز- ئۆزىدىن ئارتۇقچە قانائەتلىنىش ۋە ھورۇنلىشىش نۇقتىسىغا ئېلىپ بارىدۇ» (كات. سترون ‹ئامېرىكا›)، «كېلەچەكشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا مۇقىم شتاتلىق خىزمەت بەجايىكى كەچكى قۇياشتەك زۇلمەت ۋە يوقىلىشقا يۈزلەنگەن خىزمەت. ئۇ ھەرقانداق شتات ئىگىسىگە شۇنداق ئاگاھ قىلىدۇكى، ئىشسىزلىق ياكى نىسپىي مۇقىم خىزمەت ھەرقانداق پۇقرا ئوخشاشلا دۇچار بولىدىغان ھالەت» (م. كېلوك ‹فرانسىيە›)، «ھەرقانداق بىر دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن مۇقىم شتاتلىق خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپ ۋە كېلەچەكسىزلىكى بىر تەرەپتىن شۇ دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ سىياسىدىكى قاتماللىق ۋە بيۇروكراتلىقنى ئاشكارىلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇتلەق كۆپ سانلىق ئاۋام خەلقنىڭ دېموكراتىيە بابىدا ھوقۇقسىزلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. بۇ مۇقەررەر ھالدا جەمئىيەتنى تەييارتاپ بەگزادىلەر ۋە مېھنەتكەش ئەمگەكچىلەردىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپقا ئايرىپ تاشلايدۇ. (ناكورا. روكۇتۇ ‹ياپونىيە›).

دەرۋەقە بۇلارنى جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە كېلەچىكىگە نىسبەتەن ئالدىن بايقاش، دانايى - دانىشمەنلەرچە ۋە ئالىملارچە ئەقلىي سەزگۈرلۈكىنىڭ، يىراقنى كۆرۈشىنىڭ دەسلەپكى ھاسىلاتى دەپ جەزىملەشتۈرۈشكە بولاتتى. (08)

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# يۇقىرى ئاشۇرما قىممەتكە ئىگە ھازىرقى زامان كىشىلىرىدىن بولايلى

☆ ئاۋشىجۇن (تەيۋەن) ☆

ھازىرقى جەمئىيەتتە بىز ھەقىقىي ئىستېمالچىلاردىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تىرىشچان ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەردىن بولۇشىمىز، تېخىمۇ مۇھىمى يۇقىرى ئاشۇرما قىممەتكە ئىگە ھازىرقى زامان كىشىلىرىدىن بولۇشىمىز كېرەك. يۇقىرى ئاشۇرما قىممەتكە ئىگە ھازىرقى زامان كىشىلىرىدىن بولۇش دېگىنىمىز، دەل ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، جەمئىيەتكە كۆپرەك تۆھپە قوشۇپ، جەمئىيەتتىن ئالىدىغىنى ئاز، جەمئىيەتكە بېغىشلىغىنى كۆپ بولۇش، ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا، شەخسىنىڭ جەمئىيەتتىكى كىرىم- چىقىم جەدۋىلىدە كۆرۈلىدىغىنى قىزىل رەقەم بولماستىن، بەلكى پايدا ئېلىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆزىمىزنىڭ جەمئىيەتتىكى ئاشۇرما قىممىتىمىزنى ئاشۇرماقچى بولىدىكەنمىز، تۆۋەندىكى 5 تەكلىپ بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز كېرەك.

1. بىلىم ھوقۇق بولماستىن تېخىمۇ مۇھىمى مەسئۇلىيەتتۇر. ھازىرقى زامان بىلىملىرى بولمىسا جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش ئىنتايىن قىيىنغا چۈشىدۇ. ئادەتتىكى بىلىم ياكى تەجرىبىگە تايىنىپ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان دەۋر ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى. مەسىلەن: ئادەتتىكى بىلىملەر بىزگە «ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ ماللىرىنى قەدىرلەپ ئىشلىتىش»نىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھازىرقى زامان بىلىملىرى ئۇقۇمدا زامان ۋە ماكان چەكلىمىسى بار.

بىلىم ئىگىلەشنىڭ ئۇسۇللىرى نوقۇل مەكتەپ تەربىيىسىنى كۆرسىتىپلا ئالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئۆز- ئۆزىنى داۋاملىق تەربىيىلەشنى كۆرسىتىدۇ.

2. ئەقىللىق بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى «ھېسسىيات ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈش»، «قائىدە سۆزلەپ قايىل قىلىش»قا يەتمەيدۇ.

«ھېسسىيات»نىڭ ئۈنۈمى «ئەقىل»دەك ئۇزۇن ۋاقىت داۋام قىلالمايدۇ، «ھېسسىيات»نىڭ قايىل قىلىش كۈچى «ئەقىل»دەك ئومۇمىيلىققا ئىگە ئەمەس، «ھېسسىيات» ئوڭايلا ئادەمگەرچىلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. «ئەقىل» بولسا ئادەمگەرچىلىك دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ.

ئەقىل جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ ئاساسلىق كۈچى بولۇپ، ئۇ ئەقىلگە ئەھمىيەت بېرىشى، ئىرادە جەھەتتىكى توسقۇنلۇقنى ۋە شەخسنىڭ پايدا- زىيان تالاش - تارتىشىنى، تېخىمۇ مۇھىمى جەمئىيەت تەرتىپىنى، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش نۇقتىسىنەزەرىگە ھۆرمەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مۇنازىرە قىلغاندا ياخشى كەيپىياتنى ساقلاش، رىقابەتلەشكەندە، مۇناسىۋەتكە دىققەت قىلىش قاتارلىقلار ئەقىلنىڭ ئىپادىسىدۇر.

3. ئۈنۈمنى تەكىتلەش. «جاپا تارتىش» ئەنئەنىۋى جەمئىيەتنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدۇر. «تۆھپە» بولسا ھازىرقى زامان جەمئىيىتى

تەكىتلەيدىغان ئالاھىدە ماھىيەت. «تۆھپىنى تەكىتلىمەي، چاپالىق ئىشلەشنىلا تەكىتلەيدىغان» قاراش ئىنتايىن پاسسىپ قاراشتۇر. بىز بىر ئادەمنىڭ تىرىشچان، ئاق كۆڭۈل ۋە قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان بولۇشتىن سىرت، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئەمەلىي ئۈنۈم يارىتالايدىغان ئادەم بولالىغاندىلا، ئاندىن «ئاشۇرما قىممىتى»نى تېخىمۇ ئاشۇرالايدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز كېرەك.

4. دۇنياغا نەزەر سېلىش. ھازىرقى زامان خەلقئارا جەمئىيىتى كوللېكتىپتىن ئايرىلغان يەككە جەمئىيەتكە يول قويمايدۇ. خەلقئارا بىلىمگە ۋە دۇنياۋى ئاڭغا ئىگە بولمىغانلار ھازىرقى زامان كىشىسى بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس. جەمئىيەت ئىنتىزامىغا ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتىدىغان كىشىلەردىن پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئۆگىنىشىمىز، ئەخلاق ئارقىلىق ئۆزىنى چەكلىيەلمەيدىغان كىشىلەردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇشىمىز كېرەك.

دۇنياۋى ئاڭغا ئىگە كىشىلەردە ئاسانلا جاپا تارتىش شەكىللىنىپ، «باشقىلار قىلالىغاننى بىز نېمە ئۈچۈن قىلالمايدىكەنمىز» دېگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىيات قوزغىلىدۇ.

5. تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىش. ھازىرقى جەمئىيەت بۇرۇنقىدەك «قارىسىغا بويرۇق قىلىدىغان»، قورۇقچەپ ساتىدىغان جەمئىيەت بولماستىن، بەلكى «تەشەببۇسكار بولىدىغان»، ئۆزىمىز بىۋاسىتە قاتنىشىدىغان جەمئىيەت بولۇپ، بىز ھەر بىرىمىز ئادەتتە ھەرقانداق ئىشقا ئۆزىمىز بىۋاسىتە قاتناشقاندا ھاسىل بولىدىغان كۈچنى بەكمۇ تۆۋەن مۆلچەرلەيمىز.

مەن بۇرۇن «كىتابخانلار پىكرى»دىن ئىككى پارچە ئەۋەتكەن ئىدىم، ئۇنىڭ بىرى، خەلقئارا ئايرودروم لايىھىلەش توغرىسىدا يولۇچىلارغا تېلېفون ئورۇش ئۈچۈن قولايلىق يارىتىپ بېرىش، يەنە بىرى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ ياقىسىدىكى ئېلانلارنىڭ لايىھىلىنىشىنى ياخشىلاش ئارقىلىق، داللارنىڭ مەنزىرىسىنى ياخشىلاشنى مەقسەت قىلغان ئېلان ئىدى. بۇ ئىككى تەكلىپ ھەر ئىككىسىلا ياخشى ئۈنۈم بەرگەنىدى.

6. مېگىنى، قەلەمنى، قولنى ئىشقا سېلىش. ھازىرقى جەمئىيەت مېڭە، قەلەم، قولنىڭ بىرىكىشى بولۇپ، مېڭە ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتى پىلانلىنىدۇ. قەلەم ئارقىلىق ھەق-ناھەققە بولغان ھۆكۈم ئىپادىلىنىدۇ. قول ئارقىلىق گۈزەل ئەتىنى ياراتقىلى بولىدۇ.

ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىشتە، پۈتۈنلەي ھۆكۈمەتكە تايانغان بىلەن بولمايدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى باشقىلارغا تايىنىش كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ھۆكۈمەت نۇرغۇن كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن ئورگان بولۇپ، باشقىلار بولسا ئۆزىنىڭ باشقا بىر تەرىپىدىنلا ئىبارەت. كۆپچىلىك بىردەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، يۇقىرى ئاشۇرما قىممەتكە ئىگە ھازىرقى زامان كىشىلىرىدىن بولساقلا، جەمئىيىتىمىز يۇقىرى ساپالىق ۋە يۇقىرى پەزىلەتكە ئىگە جەمئىيەتكە ئايلىنىدۇ.

(05)

(مەھەممەت ئىمىن. ت)

# بالىلار ئۈچۈن مۇھىتنى ئاسرايلى

سانائەتنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ئىنسانلارنى ماددىي جەھەتتە يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە مۇھىت، ھاياتلىق ئېكولوگىيىسى، ھەتتا نوپۇس ساپاسىغىمۇ ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كەلمەكتە. مۇھىت بۇلغىنىشنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىشى ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە تەھدىت سالماقتا. ھالبۇكى بالىلار بۇنىڭدا ئەڭ ئاۋۋال، ئەڭ ئاسان، ئەڭ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغۇچىلاردۇر. بۇ بىزنىڭ بۇگۈنكى سۇپەتلىك تۇغۇش، ساغلام چوڭ قىلىش ۋە نوپۇس ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىزگە قارىتا شۈبھىسىزكى، بىر كۆچلۈك توسالغۇ.

بۈگۈنگە قەدەر سانسىزلىغان خىمىيىۋى ماددىلار مۇھىتىمىزغا سىڭىپ كىردى. ھەر يىلى يەنە يىڭى خىمىيىۋى ماددىلار تەجرىبىخانا ۋە زاۋۇتلاردىن مۇھىتقا داۋاملىق قويۇپ بېرىلمەكتە. شۇنچە كۆپ خىمىيىۋى ماددىلار ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى بۇلغاپ، زەھەرلىنىش ۋە ھەر خىل كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئېخىمۇ خەتەرلىكى نۇرغۇن خىمىيىۋى ماددىلارنىڭ غەيرىي ئۆزگىرىش ۋە تۇساتتىن ئۆزگىرىشنى پەيدا قىلىش رولى بولغاچقا، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئاپەت، ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسىگە خەۋپ ئېلىپ كەلمەكتە. بۇنىڭدىن 50 يىل ئىلگىرىلا كىشىلەر شۇنىڭغا دىققەت قىلغانكى، ئادەم ئورگانىزمى بەزى راك پەيدا قىلغۇچى ماددىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندا، ھۈجەيرىلەر بىر خىل غىدىقلىنىش تەسىرىگە ئۇچرايدىكەن. ئەگەر ھامىلە بۇ خىل غىدىقلىنىش تەسىرىگە ئۇچرىسا، ئۇ ھالدا بالا غەيرىي تۇغۇلۇپ قالىدىكەن. يېقىنقى 20 - 30 يىلدىن بۇيان مۇھىتنىڭ يامانلىشىشىغا ئەگىشىپ بالىلارنىڭ غەيرىي تۇغۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، مەملىكىتىمىزدە ھازىر بوۋاقلارنىڭ غەيرىي تۇغۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى تەخمىنەن % 1.28 نى ئىگىلەيدىكەن. يەنە كېلىپ بىر قىسىم شەھەرلەردە بۇ سان كۆپىيىشكە قاراپ ماڭغان. مۇتەخەسسىسلەر بىر قېتىملىق مەملىكەت خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈشتە ئېنىقلىشىچە 80 - يىللاردىن بۇيانقى بىجىرىم تۇغۇلمىغان بالىلارنىڭ % 30 ى مۇھىت ئامىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

مۇھىتنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى سۈپەتلىك بالا تۇغۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگىمۇ مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىچىملىك سۇ بىئولوگىيىلىك ۋە خىمىيىلىك بۇلغىنىشقا ئۇچرىغاچقا، دۇنيادا ھەر يىلى ئىچى سۈرۈش سەۋەبىدىن 8 مىليون ئادەم ئۆلۈپ تۇرىدىكەن، ئەمما بۇنىڭ 4 مىليونى 5 ياشتىن تۆۋەن بالىلار ئىكەن. بىۋاستە مۇھىتنىڭ



بۇلغىنىشى بىلەن ئۆلكەن 15 مىليون ئادەم ئىچىدىمۇ باللار قىسمىنى $\frac{1}{5}$ ئىگىلەيدىكەن.

ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان باللاردا ئورگانىزملارنىڭ نېرۋا تەڭشەش ئىقتىدارى، تېرە ۋە چاپلاشقاق پەردىنىڭ قوغداش ئىقتىدارى، ئىممۇنىتېت ئىقتىدارى تېخى تولۇق يېتىلمىگەچكە، ئۇلار مۇھىتتىكى ھەر خىل زەھەرلىك ئامىللارغا قارىتا پەۋقۇلئاددە سەزگۈر كېلىدۇ. تەتقىقات ئىسپاتلىدىكى، باللار گۆڭگۈرت IV ئوكسىدى، ئازوت ئوكسىدى قاتارلىق بۇلغىغۇچى ماددىلارنى سۈمۈرگەندە، ئۇلارنىڭ نەپەس يولىدىكى يېپىشقاق پەردىگە كۆرۈنەرلىك قان تولىدۇ، كاناي تۈكچىلىرىنىڭ تازىلاش ئۇنۇمى تۆۋەنلەيدۇ. ئۆپكىنىڭ نورمال ئىقتىدارىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئەسلىدىنلا ئاجىز بولغان ئۆپكە پۇۋەكچىسى يۇتقۇچى ھۈجەيرىلىرىنىڭ يۇتۇش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ھالدا ئاجىزلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن جىددىي ۋە ئاستا خاراكتېرلىك نەپەس يولى كېسەللىكلىرىگە ئاسانلا گىرىپتار بولىدۇ. ئاتموسفېرادىكى بۇلغىنىشنىڭ باللارنىڭ سالامەتلىككە بولغان تەھدىتى كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ. چاڭ - توزان، كىرسىن، كاربون چالا ئوكسىدى، كاربون IV ئوكسىدى قاتارلىق كۆپ خىل زىيانلىق ماددىلارنىڭ ئورتاق تەسىر قىلىشى ئاستىدا باللاردا نەپەسلىنىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى پەيدا بولۇپلا قالماستىن يەنە ئۇلارنىڭ تومۇر سوقۇشى تېزلىشىپ، قان بېسىمى ئۆرلەيدۇ. باش قېيىش، باش ئاغرىش، ئاسان چارچاش، زېھنىي كۈچى چېچىلىش، سېزىمى تۆۋەنلەش ۋە قان ئازلىق ئالامەتلىرىمۇ كۆرۈلىدۇ. يەنە ئاتموسفېراسى بۇلغانغان مۇھىتتا ياشاۋاتقان باللار نورمال قۇياش نۇرى بولۇپمۇ نورمال ئۇلترا بىنەپشە نۇرغا ئېرىشەلمىگەچكە، بەدىنىدىكى ۋىتامىن D نىڭ بىرىكىشى تەسىرگە ئۇچراپ، كالتسىي ۋە فوسفورنىڭ قوبۇل قىلىنىشى تۆۋەنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۆڭەك تولۇق يېتىلەلمەي، راخىت كېسىلى كېلىپ چىقىدۇ. ئەنگلىيىلىك ئالىملار يېقىندا ئىنتايىن يېنىك بۇلغىنىشقىمۇ مۇھىتقا نىسبەتەن سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كەتكەن باللاردا ئاق قان كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بايقىغان.

ئۇزۇن مەزگىل شاۋقۇنلۇق مۇھىتتا ياشىغاندا، باللارنىڭ ئاڭلاش سېزىمى تەسىرگە ئۇچراپلا قالماستىن، يەنە مېڭە تەرەققىياتىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ، باللارنى ئەنسىز، تېرىككەك، غەيرىي مىجەز قىلىپ قويىدۇ. دەرىجىدىن تاشقىرى شاۋقۇن بوۋاقلاردا تارتىشىپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇلار ئۇخلاۋېتىپ دائىم چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەتراپتىكى نەرسىلەرگە بولغان ئىنكاسىمۇ سۇسلىشىپ كېتىدۇ. قاتتىق شاۋقۇن يەنە قورساقتىكى ھامىلىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئامېرىكا كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر تەتقىقات دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىچە، ئايرودرومغا يېقىن جايدا ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلەردە تۇغۇلغان باللارنىڭ كۆپ قىسمىدا تاڭلاي يېرىقى، يۈلۈن چاتىقى، ئاڭلاش سېزىمى بىجىرىم بولماسلىق قاتارلىق تۇغما كېسەللىكلەر پەيدا بولغان.

بىزنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن مۇھىت ئاسراشقا نىسبەتەن باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز بار. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلالمايدۇ. سۈپەتلىك پەرزەنت كۆرۈش ئۈچۈن ھەممىمىز مۇھىت ئاسراشقا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، مۇھىت بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ تىنچ، ئەركىن - ئازادە، گۈزەل مۇھىتتا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.(04) (ئابدۇۋەلى. ت)

(تۇرسۇن مۇھەممەت ئوسمان فوتوسى)

# چاقچاق ئىلمىي بولۇش كېرەك

★ مىجىت تۇرسۇن ★

ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا ئىلمىي، جايىدا قىلىنغان چاقچاق نېرۋىنى جانلاندۇرۇپ، كەيپىياتنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئالاقىدە بىر خىل خۇشال، ئازادە كەيپىيات ھاسىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە جايىدا قىلىنمىغان چاقچاق كىشىلەرنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ، مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزىدۇ. قارشى تەرەپ شۇ سورۇندا چاندۇرمىغىنى بىلەن چاقچاق قىلغۇچىغا نىسبەتەن يامان تەسىراتتا بولىدۇ، بۇ يامان تەسىراتنى تۈگىتىش ناھايىتى تەس. شۇڭا ئۆزئارا چاقچاق قىلىشقاندا چاقچاقنىڭ ئورنىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

بىرىنچى، چاقچاقنىڭ مەزمۇنى ساغلام بولۇشى كېرەك. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، چاقچاقنىڭ مەزمۇنى چاقچاق قىلغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى پەزىلىتى بىلەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە باغلىق بولىدۇ. مەزمۇنى ساغلام، ئىلمىي قىلىنغان چاقچاق قارشى تەرەپكە مەنىۋى ئوزۇق بېغىشلاپلا قالماستىن بەلكى ئۆزىنىڭ سېھىرلىك ئوبرازىنى تىكلەشكىمۇ پايدىلىق، بۇنىڭ بىلەنلا قالماي شۇ سورۇندا ئولتۇرغانلارنى روھىي جەھەتتىن ھۇزۇرلاندۇرىدۇ.

ئىككىنچى، باشقىلارغا تۇتقان پوزىتسىيە دوستانە بولۇشى لازىم. دوستانە بولۇش چاقچاقنىڭ مۇھىم پرىنسىپى، چاقچاقلىشىش ئەسلىدىنلا ئۆزئارا چۈشىنىش جەريانىدۇر. ئەگەر چاقچاقتا يۆلەپ باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىغان، مازاق قىلىدىغان، چېقىۋالىدىغان، نەشتىرىنى سانجىپ قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋالىدىغان ئىش بولسا، بۇ تولىمۇ بىمەنىلىك، ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق بولىدۇ. سىز گەپتانلىق قىلىپ چاقچاقتا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەندەك قىلسىڭىزمۇ، ئەمەلىيەتتە كىشىلەر سىزدىن بىزار بولىدۇ. ھەتتا ئۇلار سىزنىڭ باشقىلارنى چۈشۈرگەنلىكىڭىزنى كۆرۈپ، سىز بىلەن ئارىلىشىشنى خالىماسلىقى مۇمكىن.

ئۈچىنچى، چاقچاق ئوبيېكتىنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك. كىشىلەرنىڭ مىجەز-خۇلقى، شۇ چاغدىكى كەيپىياتى ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەتكە قىلغان چاقچاقنى سەمەتكە قىلغىلى بولمايدۇ. بىز دائىم دەيدىغان پالانى چاقچاق كۆتۈرىدۇ، پۇستانى چاقچاق كۆتۈرەلمەيدۇ، دېگەن سۆز مۇشۇ نۇقتىنى



چۇشەندۇرىدۇ. ئادەتتە ياشلار پىشقەدەملەر بىلەن چاقچاقلىشىش، ئەرلەر ئاياللار بىلەن چاقچاقلىشىش، تۇغقانلار چاقچاقلىشىش تازا مۇۋاپىق ئەمەس. تەڭ دېمەتلىكلەر ئارا چاقچاقتىمۇ قارشى تەرەپنىڭ مىجەزى بىلەن كەيپىياتىغا قاراش كېرەك. قارشى تەرەپنىڭ مىجەزى ئوچۇق، چاقچاق كۆتۈرەلەيدىغان بولسا چاقچاق ئازراق ئېشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ يەنىلا كەيپىياتقا تەسىرى بولمايدۇ. قارشى تەرەپ كەم سۆز، چاقچاق خالىمايدىغان بولسا چاقچاقتا ئېھتىيات قىلغان ياخشى. قارشى تەرەپ ئادەتتىكى چاغلاردا ئوچۇق مىجەز، چاقچاقچى بولۇپ، دەل بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە ياكى كۆڭلى يېرىم بولغان ئىشقا دۇچ كېلىپ قالغان ۋاقىتتىمۇ يەنىلا ئېھتىيات قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئەكسىچە قارشى تەرەپ تارتىنچاق، كەم سۆز، چاقچاق كۆتۈرەلمەيدىغان بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ خۇشال، كەيپى خۇش ۋاقىتىغا توغرا كېلىپ قالسا، چاقچاقنىڭ ئۇنۇمى ئويلىمىغان يەردىن ياخشى بولۇپ چىقىشى مۇمكىن.

تۆتىنچى، سورۇنغا دىققەت قىلىش لازىم. چاقچاق خۇشاللاندۇرۇش، شاتلاندۇرۇش رولىغا ئىگە. شۇنداق بولغاچقا چاقچاقنى سورۇنغا قارىماي ئاغزىمغا كەلدى دەپ قىلىۋېرىشكە بولمايدۇ. ئالايلۇق، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر- چىراقلاردا چاقچاق قىلماسلىق لازىم. بۇنداق سورۇنلاردا ياخشى كۆڭلىمىز بىلەن كەيپىياتنى جانلاندۇرۇش، قىزىقچىلىق يۈزىسىدىن چاقچاق قىلساقمۇ باشقىلار قايغۇدا تۇرۇۋاتقاچقا بىزنىڭ قىزىقچىلىقىمىز ئۇلارنىڭ قولىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئۇلار بىزدىن نارازى بولىدۇ، جامائەتكىمۇ سەت كۆرۈنۈپ قالىمىز. بۇنداق سورۇنلاردا ئېغىر - بېسىق، تەمكىن بولساق جامائەتكە مەدەنىي تەسىرات قالدۇرىمىز. شۇنىمۇ قىستۇرۇپ قويۇش كېرەككى، چاقچاقنى قەيەردىن كەلسە شۇ يەردىن قىلىۋېرىش، بەك ئاشۇرۇپ قىلىش، بەك ئۇزۇنغىچە قىلىش بۇنىڭ نەتىجىسىدە بىر توپ ئادەم قىقاس - سۈرەن سېلىپ سورۇننى، كوچىنى بىر ئېلىش بۇ مەدەنىيلىك ئەمەس. ئەلۋەتتە چاقچاق باشقىلارغا قىزغىن بولۇشنىڭ، باشقىلاردا ياخشى تەسىرات قالدۇرۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بىز بۇنداق چاقچاقنى قىزغىن تەشەببۇس قىلىمىز، ئىلمىي، قىزغىن چاقچاقلىشىش بۇ دەل بىزنىڭ پىسخىكىمىز، تۇرمۇشىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دەۋر ئالدىدا مەسئۇلىيەتچان بولۇشىمىز، چاقچاقنى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ياخشى قىلىش، ئورۇنداش، ياخشى تەسىرات بېرىش ئاساسىدا قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلساقلا چاقچىقىمىز تېخىمۇ قىزىق چىقىدۇ، باشقىلارغا ياخشى ئوبراز قالدۇرالايمىز. چاقچاقنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇشى ھەرگىزمۇ باشقىلار تەرىپلىگەندەك ئۆزگە بولغان ئىشەنچىنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام ھەددىدىن ئارتۇق، پرىنسىپسىز چاقچاق ماڭا بىر ئاز غەپلەت تۇيغۇسىنى بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئىلمىي، نورمال چاقچاقنى تەشەببۇس قىلىمەن (08)

# «ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز»

★ ئابدۇقادىر ئېلى ★

بۇ يىلقى «شىنجاڭ ياشلىرى» ۋە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرناللىرىنىڭ بىر قانچە سانلىرىدا داۋاملىق ئېلان قىلىنىۋاتقان كۆزگە كۆرۈنگەن ژۇرنالىستلار ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ۋە ئىدرىس باراتلارنىڭ «ئامېرىكا تەسراتلىرى»، «بۈگۈنكى ياپونىيە. (پادىشاھ سامورايىلىرى، قانداق ياشايدۇ» سەرلەۋھىلىك زىيارەت خاتىرىلىرى كۆپلىگەن ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ ھەممە يەردە كىشىلەرنىڭ قىزىق پاراڭ تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

مەنمۇ شۇلار قاتارىدا يۇقىرىدىكى ماقالىلەرنى تەپسىلىي ئوقۇپ نۇرغۇن نەرسىلەردىن ۋاقىپلاندىم ھەمدە مۇشۇ ماقالىلەرنىڭ «ئايىغى ئۈزۈلۈپ قالمىسدى...» دېگەن ئويغا كەلدىم.

ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىش سىياسىتى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن بېرى چەت ئەللەرگە ئېكىسكۇرسىيە، ئۆگىنىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش مەقسىتىدە بېرىش ـ كېلىش خېلى كۆپىيىپ قالدى. ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىشلەر ھازىر ئانچە يېڭى ئىش بولماي قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ شەكلى، ئوبيېكتى ۋە ئۈنۈمى جەھەتلەردە زور پەرقلەر مەۋجۇت.

بەزى جايلاردا ھېچبىر نىشانسىز، مەقسەتسىز ھالدا «كېلىپ قالغان ئامەت»تىن پايدىلىنىپ نۇقۇل ھالدا «چەت ئەللەرگە چىقىپ بېقىش»، «ئايلىنىپ كېلىش»تىن ئىبارەت قاڭقىش مەستلىكى داۋام قىلماقتا. تېخىمۇ غەلىتە بولغىنى ھېچبىر ئىشقا مۇناسىۋىتى بولمىغان، بىرەر مۇناسىۋەتلىك كەسىپ ئەھلى بولمىغانلارمۇ پۇرسەت تاپسىلا پېشىنى قىستۇرۇپ چەت ئەللەرگە بېرىپ كەلمەكتە. ھەتتا بەزى ئورۇنلاردىكى كىشىلەر نۆۋەت بىلەن «ئۆچرەت»كە تىزىلىپ «چۆرگىلەپ كېلىشنى» مودا قىلىۋالماقتا! بۇ زادى قانداق ئىش؟! بۇنىڭ تېگى تەكتى شەخسىيەتچىلىك، پۇرسەتپەرەسلىك بولۇپ، «ئۆز كۆمچىكە چوغ تارتىش»تىن باشقا نەرسە ئەمەس! يەنە بەزىلەر تەرەپ- تەرەپكە قاتراپ، ھال ـ ئەھۋالىنى تۆكۈپ «شەرت» ھازىرلاپ، شۇنچە كۆپ دۆلەتلەرگە بارغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش، سېزىنىش، سېلىشتۇرۇش ۋە تاللىۋېلىشتىن ئىبارەت سەزگۈ ئىقتىدارى كەم بولغاچقا كۆرسىمۇ، ئاڭلىسىمۇ ئاڭقىرالماي، «ئۇ يەرلەر قالتىس ئىكەن ـ جۇمۇ!»، «ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىكەن»، «بىر نېمىلەرنى دەۋاتاتتى»... دېگەنگە ئوخشاش قۇرۇق گەپلەرنى كۆتۈرۈپ كەلمەكتە.

ئەپسۇسكى بىرەر مۇھىم ئىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان كەسىپ ئەھلىلىرى، چەت ئەلگە بارسا كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلەيدىغان، چىقىمغا لايىق كىرىم قىلىپ ئاۋام خەلققە نەپ بېرەلەيدىغان نۇرغۇن كىشىلەرگە بولسا، بۇنداق غەنىيمەت پۇرسەتلەر ئۆتكىلى بولمايدىغان ھالڭ بىلەن چەكلىنىپ تۇرىدۇ.

كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھۆكۈمەتنىڭ پۇرسەت ـ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ چەت ئەللەرگە بېرىۋاتقانلار بىرەر مەقسەتنى كۆزلەپ بارسا ئۇنىڭ ئەھمىيىتى بولىدۇ. مۇشۇ مەقسەتتە چەت ئەلگە بارغانلار دۆلەتنىڭ خەج ـ خىراجەت سەرپ قىلىپ چىقارغىنىغا تۇشلۇق نۇرغۇن كىشىلەرگە روھىي ئوزۇق، تەجرىبە ساۋاقلارنى شەرتسىز ھالدا تەقدىم قىلىۋاتىدۇ، كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتىدۇ، رىغبەتلەندۈرۈۋاتىدۇ، تەربىيىگە ئىگە قىلىۋاتىدۇ. مۇنداق كىشىلەر قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى. مەسىلەن ئالايلۇق، ئىدرىس بارات داۋاملىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىۋاتقان «ئامېرىكا تەسراتلىرى» دېگەن ماقالىسىدە دېسنى

باغچىسىنىڭ نەچچە 10 مىڭ، ھەتتا نەچچە 100 مىڭ ئادەم كىرىپ چىقىپ تۇرىدىغان ئېغىزلىرىدا بىرلا ئادەمنىڭ جامائەت تەرتىپىنى باشقۇرۇۋاتقانلىقى، كىشلەرنى «نېرى تۇر»، «بېرى كەل» دەپ ۋارقىراپ-جارقىرايدىغان ساقچىلارنىڭ يوقلۇقى، كىشلەرنىڭ شۇنچە قىستاڭچىلىق شارائىتتىمۇ بىرلا ئېلېكترونلۇق توسما ئارقىلىق تەرتىپلىك تىزىلىپ كىرىپ - چىقىۋاتقانلىقى يېزىلغان. بىزدىن بارغان ئاتالمىش «كالا گۆشى ئۇگرە پادىشاھى»نىڭ بۇ يەردىكى ساختىلىقىنى ئاز دەپ ئامېرىكىغا بېرىپ ساختا «پادىشاھ» بولۇۋېلىپ ئۆزىنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بىر ئىش يېزىلغان، بۇ گەرچە بىر كىچىك ئىش بولسىمۇ، مۇشۇ كىچىك ئىش ئارقىلىق تەپتارتماي چەت ئەلگە «ئېكسپورت» قىلىنغان ناچار ئىللىتىمىز ماھىرلىق بىلەن ئېچىپ تاشلانغان.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم يازغان «بۈگۈنكى ياپونىيە ‹پادىشاھ سامورايلىرى› قانداق ياشايدۇ» دېگەن ماقالىنىڭ بىر ئابزاسىدا ياپونلۇقلار مەملىكتىمىزنىڭ 4 چوڭ كەشپىياتىنى ئۆز مەقسەتلىرى ئۈچۈن پايدىلىق ئۆزلەشتۈرگەنلىكى، خەنزۇچە يېزىقتىن پايدىلىنىپ ئۆز يېزىقلىرىنىڭ شەكلىنى قانداق بەرپا قىلغانلىقى، بۇددا دىنى، مەدەنىيىتى، كوڭزىچىلىق تەلىماتى ۋە ئىلغار دۆلەت قۇرۇش تۈزۈملىرى قاتارلىق بىر مۇنچە نەرسىلەر ۋە ئۇنى ئۆز دۆلىتى، ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قانداق ئېپچىللىك بىلەن پايدىلانغانلىقى يېزىلغان. بۇ ئىشلار مۇشۇ ماقالىدە يېزىلماستىن بۇرۇن كىم بىلەتتى؟

بەزى كىشلەرگە ياپونلۇقلارنىڭ ھازىرقى ھالىتى ئەزەلدىنلا شۇنداقتەك، خۇددى ھەممە ياخشى نەرسىلەرنى «خۇدا شۇلارغىلا بېرىۋەتكەندەك» بولۇپ كۆرۈندۇ. دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادىكى پەن - تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي ئورنى شۇنداق. لېكىن بۇلارنى ھېچكىم ئۇلارغا «بەخشەندە» قىلىپ بەرمىگەن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىجادكارلىق روھى، تىرىشچانلىقى، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش ئىرادىسىدىن كەلگەن.

ئۇلاردا ھېچقانداق ناچار ئىللەت يوق دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇنداقمۇ ئەمەس. جەمئىيەتنىڭ مۇرەككەپلىشىشى ۋە كىشلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ گىرەلىشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ «بىرسىنىڭ دوپپىسى يەرگە چۈشۈپ كەتسە پۇل بەرمىسە ئېلىپ بەرمەيدىغان» ئىشلار شۇ يەردىمۇ بار. بۇ ئۇلاردىمۇ ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ناچار ئىللەتلەردۇر. ئاغىنەم، تۇغقىنىم، ئۇلپىتىم دەپ بىكارغا تاماق بېرىدىغان، بىھۇدە پۇل خەجلەيدىغان ئادەمگەرچىلىكلەرمۇ ئۇلارنىڭ كاللىسىغا زادى سىغمايدىغان ئىش. بۇ ئۇلاردىمۇ ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ناچار ئىللەتلەر.

بىراق مەسىلىنىڭ تېگى تەكتىدىن قارايدىغان بولساق، بۇنداق ئىشلارنىمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ. ياخشىسى بار يەردە يامىنىمۇ بولىدۇ. بىرنى چۆرۈپ تاشلىۋەتسە يەنە بىرسى پەيدا بولىدۇ. بىزدىمۇ شۇنداق! مەسىلە ئۇنداق ئىشلارنى بالدۇرراق سېزىۋېلىپ پەرق ئېتىشتە. بىزدە بولسا شەيئىلەرنىڭ يۈزەكى ھادىسىلىرىگىلا قاراپ ئۇنىڭ ماھىيىتىگە سەل قارايدىغان، «موللا كۆپ يەردە قوي ھارام بوپتۇ» دېگەندەك ئەپقاچتى گەپلەرگە ئېسىلىۋېلىپ سەۋەبىنى ئۆزىمىزدىن ئىزدىمەي ھەممىنى ئوبيېكتىپ شارائىتقىلا دۆڭگەپ قويۇپ يەنە شۇ «ئەبگاھ» ھالىتىمىزنى ساقلاپ يۈرۈۋەردۇق.

ياپونىيىدىن ئىبارەت بۇ كىچىككىنە ئارال دۆلىتىدە بولسا، بىر چامدام يەردە ئادەم ھەرىلەردەك مىژىلدايدىغان تۇرۇقلۇق يەنە ئۇلارنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن تارتىپ ياكى يېزا قىشلاقلىرىغىچە بولغان پاكىزلىق ھالىتى، ئاممۇي ئەخلاققا ئائىلىق رىئايە قىلىدىغان ئېسىل خىسلەتلىرى، ھەممە كىشىنىڭ ھەتتا ئەخلەتلەرنىمۇ تۈر - تۈرگە ئايرىپ سۇلياۋ خالتىغا ئەپچىل قاچىلاپ ئۆز جايىغا رەت-رەتىي بىلەن قويۇپ قويىدىغان، كوچىلارغا

خالىغانچە تۈكۈرمەيدىغان، مېيىپلارغا يول بېرىدىغان ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشتە، ئۇلار ياشاۋاتقان زېمىننىڭ تارلىقى، ئادەملەرنىڭ زىچلىقىدەك ئوبيېكتىپ شارائىت ھېچقانداق پۇتلاشمىغان.

قاتناش، ئاممىۋى سورۇنلار تەرتىپى، كىشىلەرنىڭ بىلىم ئېلىشقا بولغان ئىنتىلىشلىرى، ئاددىي - ساددا يېيىش، كىيىنىش، ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ ئىشىنىش، ھۆرمەت قىلىشتەك بىر قاتار ئېسىل مىللىي ئەنئەنىلىرىنى يېتىلدۈرۈشتە ئوبيېكتىپ سەۋەب ۋە شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي، بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەبلەرنى ئۆزىنىڭ روھىيىتىدىن ئىزدىگەن.

يۇقىرىدىكى مەسىلىلەر بىزنى يۈكسەك غايە، مۇقىم نىشان، ئۇلۇغۋار ئىستەك ۋە خىسلەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈپ ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرۇپتۇ.

ئەپسۇسكى بىزنىڭ بەزى ئادەملىرىمىز ھەتتا خېلى مەلۇماتلىق زاتلىرىمىزمۇ بۇلارغا پەرۋا قىلماي، كىتاب ئوقۇپ بىلىم ئېلىشقا، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەشكە قىزىقمايۋاتىدۇ. مىخقا ئۇسسۇۋالسىمۇ ئاغزى- بۇرنىنى سۈرتۈۋېتىپ يۈرۈۋېرىپ، ئۆزىنىڭ زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى خىيالىغىمۇ كەلمەيۋاتىدۇ. ھەيرانمەن، باشقىلار چەكلىك، قىممەتلىك ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ باشقىلارغا ئېستېتىك زوق بېغىشلايدىغان، تەربىيە - تەنبىھ بېرىشنى مەقسەت قىلىدىغان ئەسەر - ماقالىلەرنى يېزىپ تەقدىم قىلىۋاتىدۇ، لېكىن ئايرىم تەپسە تەۋرىمەس ئادەملىرىمىز بولسا، بىرەر شىشە هاراققا خەجلىگەن پۇللىرىنى سەرپ قىلىپ بىرەر قېتىملىق تېتىقسىز تاماشىسىنىڭ مەرىدىن كېچىپ كىتاب - ژۇرنال سېتىۋالمايدۇ. ھېچبولمىغاندا كۇتۇپخانىلاردىكى كىتاب - ماتېرىياللارنى بولسىمۇ ئوقۇپ قويمايدۇ...

بولدى بەس! يەنە داۋاملىق غەپلەت ئۇيقىسىدا يېتىۋەرمەيلى. ناچار قىلىقلىرىمىزدىن بالدۇرراق قول ئۈزۈپ نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، رىقابەت ئىقتىدارىمىزنى كۈچەيتەيلى. جۇرئەت - جاسارىتىمىزنى ئۇرغىتىپ ئۆزىمىزنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇشقا تىرىشايلى. (04)

## زۇكامنى داۋالاشتىكى خاتا قاراشلار

**1.** زۇكامنى كىچىك كېسەللىك، دەپ قاراش. كۆپ ساندىكى كىشىلەر زۇكامنىڭ بۇرۇن ياللۇغى، ئۆپكە ياللۇغى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. بوۋاق باللار، ياشانغان، بەدىنى ئاجىز ۋە سوزۇلما كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغانلار ئاشۇ كىچىككىنە زۇكام سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن.

2. زۇكامنى شامالداپ قېلىشتىن پەيدا بولىدۇ، دەپ قاراش. شامالداپ قېلىش زۇكامنى پەيدا قىلىدىغان تۈپ سەۋەب ئەمەس. زۇكام زۇكام ۋىرۇسلىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىك.

3. زۇكام بولغاندا ئانتىبىئوتىك دورىلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئىشلىتىش بۇرۇنراق ساقىيىشقا پايدىلىق، دەپ قاراش. ئانتىبىئوتىكلارنىڭ ۋىرۇسقا نىسبەتەن ھېچقانداق داۋالاش ئۈنۈمى يوق. ئەگەر قارىغۇلارچە ئانتىبىئوتىكلارنى ئىشلىتىۋەرگەندە بەزى خەتەرلىك ئەگەشمە كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىش مۇمكىن.

4. زۇكامغا قارشى دورىلارنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئىشلەتكەندە زۇكامنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، دەپ قاراش. ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان زۇكامغا قارشى دورىلار پەقەت زۇكامنىڭ كېسەللىك ئالامەتلىرىنى يېنىكلىتىپ بەزىبىر ئەگەشمە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بولۇپ، ۋىرۇسقا نىسبەتەن ھېچقانداق چەكلەش رولى يوق. زۇكامنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئەڭ ئاساسلىق ئۇسۇل ئۆزى ئۆزىنى ئاسراپ، چېنىقىشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. (04)

(ئەلى ئالماس. ت)

## رېتسېپ بەلگىلىرى

بىز دوختۇرخانىغا كېسەل كۆرسە
دوختۇرلار رېتسېپ قەغىزىگە دورا نامىن
ھەر خىل بەلگىلەرنى يازىدۇ. بۇ
بىلگۈسى كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

P.O ؛ ئىچىدىغان دورا
بىلدۈرىدۇ.

inj ؛ ئوكۇل قىلىدىغانلىقنى
i.d ؛ تېرىگە ئوكۇل قىلىدىغانل
pr ؛ كىلىزما قىلىنىدىغانلىقنى
v / gtt ؛ ۋېنا (كۆك تو
قىلىنىدىغانلىقنى (ئاسما ئوكۇل)نى
O.m ؛ ھەر كۈنى ئەت
قىلىنىدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.
O.n ؛ ھەر كۈنى كەچت
قىلىنىدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.
HS ؛ ئۇخلاش ئالدىدا ئىستې
لىقنى بىلدۈرىدۇ.
A.d ؛ تاماقتىن ئىلگىر
قىلىنىدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.
P.C ؛ تاماقتىن كېيىن ئىستېمال
بىلدۈرىدۇ.
O.S ؛ زۆرۈر بولغاندا بى
قىلىنىدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.
St ؛ دەرھال ئىستېمال
بىلدۈرىدۇ. (02) (ئىليا

## قەرز پۇل رەنى

قەرز پۇل رىنىسى قىلىشقا بولىدىغان قە
ئامانەت چەكلىرى تۆۋەندىكىلەر بىلەنلا چەك
قەرەلى توشمىغان پۈتۈن قويۇپ ئۆسۈمنى
مۇھاجىرلارنىڭ خەلق پۇللىرى،
خاتىرىلەنگەن ياكى كۆپ مىقداردىكى ئ
بېرىشكە بولىدىغان قەرەللىك ئامانەت چ
چەت ئەل پۇلى قەرەللىك ئامانەت چېكى قاتا
بۇنىڭدىن باشقا ئىسمى خاتىرىلەنمىگەن ياك
مىقداردىكى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولىدىغان قە
ئامانەت چېكى، قەرەلسىز، پارچە قويۇپ


# تۇرمۇش ـ سالامەتچىسى گېزىتى

1998 - يىل ئۆكتەبىر (ئومۇمىي 119 - سان)

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچىسى


## ھاراقكەشلىك ئەرلەرنى ئاياللاشتۇرىدۇ

تەكشۈرۈش، تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ھاراق ئىچىشتىن كېلىپ چىققان سوزۇلما خاراكتېرلىك جىگەر ياللۇغى ۋە جىگەر قېتىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئەرلەر ئىچىدە ئاياللىشىۋاتقانلار (ئەمچىكى يوغىناپ كېتىش)نىڭ سانى كۆپەيمەكتە. قاندىكى ئانىلىق گورمون ئېشىپ كېتىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇشنىڭ سەۋەبى ئۇزاق مۇددەت ھاراق ئىچىش بولۇپ، ئىسپىرتتىن زەھەرلىنىش ئەرلىك گورمون ئاجرىتىپ چىقىرىش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەرلەرنىڭ ئەمچىكى (كۆكسى) ئاياللارنىڭكىگە ئوخشاش ئۆزگىرىدۇ. ئىسپىرتتىن زەھەرلىنىش ۋاقتىنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇرۇقدان تەدرىجىي قورۇلۇپ، جىنسىي ئىقتىدار ئاجىزلىشىدۇ، جىگەر كېسەللىكلىرىمۇ كۈنسېرى ئېغىرلىشىدۇ.(02) (ئىلياس قاسىم . ت)

## ھاياتلىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان 28 خىل ئادەت

1. ئۇمىدسىزلىنىش، ئىچى تارلىق. 2. ھورۇنلۇق، چېچىلاڭغۇلۇق. 3. كەمبەغەللىك، شۆھرەتپەرەسلىك. 4. تاماكىنى زىيادە كۆپ چېكىش. 5. بىر خىللا ئوزۇقلىنىش. 6. خالىغانچە ئوزۇقلىنىش. 7. ئەتىگەنلىك تاماققا سەل قاراش. 8. كۆيگەن نەرسىلەرنى يېيىش. 9. كەچلىك تاماقنى زىيادە كۆپ يېيىش. 10. زىيادە سېمىزلىك. 11. تۇز، شېكەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش. 12. قالايمىقان دورا ئىشلىتىش. 13 كەيپىياتى تۆۋەن بولۇش. 14. مۇھەببەت بۇلغىنىش. 15. ياستۇقنى ئېگىز قىلىپ، بەخىرامان ئۇخلاش. 16. پىيادە مېڭىش كەمچىل بولۇش. 17. راھەتكە بېرىلىش، جاپادىن قېچىش. 18. مېڭە ئىشلىتىشنى خالىماسلىق. 19. كەمچىلىكنى يوشۇرۇپ، تۈزىتىشنى خالىماسلىق. 20. ھەرىكەتتى يېتەرسىز بولۇش. 21. كىيىم-كېچەك مەينەت، قالايمىقان بولۇش. 22. ئىت-مۈشۈككە خۇمار بولۇش. 23. تۇرمۇشى رەتسىز بولۇش. 24. زىيادە چارچاش. 25. ئۇزۇلدۇرمەي قارتا ئويناش. 26. تېلېۋىزور مەستانىسى بولۇش. 27. ئەر-ئايال ئايرىلىپ تۇرۇش. 28. يەككە-يېگانە قېلىش.

(02) (ئاتىكەم ئابدۇكېرىم.ت)

## ئاياللار ۋە خۇش پۇراق

ئالاقىدار ماتېرىياللاردا تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بريۇسسېلدىكى مۇھىت تۈزەش مەركىزى 10 دۆلەتنىڭ ئاياللىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن تارقىلىدىغان پۇراقنى تەكشۈرگەن: ئالدى بىلەن ئۇلار ئالاھىدە ياسالغان بەدەن پۇرىقىنى تۈگىتىش سوپۇنى بىلەن يۇيۇلغان، ئاندىن قاتتىق ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تەرلەتكۈزۈلگەن، ئارقىدىنلا تەكشۈرۈش ئەسۋابى بىلەن ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن تارقىغان پۇراقنى تەكشۈرگەن. نەتىجىدە ئاياللاردىن خۇش پۇراق تارقىلىپلا قالماستىن، بەلكى دۆلەت، رايونلار يېمەك-ئىچمەك قۇرۇلمىسىنىڭ ئوخشىماسلىق سەۋەبىدىن ھەرقايسى دۆلەت ئاياللىرىنىڭ بەدىنىدىن تارقىلىدىغان پۇراقنىڭمۇ ئوخشاش بولمايدىغانلىقى مەلۇم بولغان.

ئاياللارنىڭ بەدىنىدىن نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق خۇش پۇراق تارقىلىدۇ؟ نۆۋەتتە گەرچە ئادەم تېنى پېيىدىن ئىبارەت بۇ قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم باشلانمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبلىرى دەسلەپكى قەدەمدە ئايدىڭلاشتى. بىر خىل قاراشتا جىنسىي كاتېگورىيە سەۋەبىدىن بولىدۇ دېيىلگەن. يەنى ئادەم بەدىنى خۇش پۇراقنى ساقلايدىكەن ۋە تارقىتىدىكەن. بۇ خىل خۇش پۇراق ئاياللار بەدىنىدىكى ئېستىرادىئول كېتونىنىڭ رولى تۈپەيلىدىن شەكىللىنىدىكەن. ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا بۇ خۇش پۇراقنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدىكەن. ياشلىق مەزگىلىدە كۈچلۈك بولىدىكەن، لېكىن بۇ خىلدىكى پۇراق ئوخشاش جىنىستىكىلەر ئوتتۇرىسىدا ئانچە سېزىلمەيدىغان بولۇپ، باشقا جىنىسلىقلارغا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە سېزىلىدىكەن. يەنە بىر خىل قاراشتا بۇ تىل پوتىراتىنىڭ سەۋەبىدىن بولىدىكەن. بۇ خىل پوتىرات ئادەم بەدىنى ئاجرىتىپ چىقارغان تەرنىڭ تەركىبىدە بولىدىكەن، تەر تەركىبىدە بۇ خىل ماددا كۆپ بولسا سېسىق پۇراق تارقىتىدىكەن، ئاز بولسا خۇش پۇراق تارقاتمايدىكەن، پەقەت ئۇنىڭ



قويۇقلۇق دەرىجىسى مۇۋاپىق بولغاندىلا ئاياللار بەدىنىدىن ئۆزگىچە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە خۇش پۇراق تارقىلىدىكەن. (02)

(ئالىمجان ئابدۇرېشىت . ت)

## بىلىۋېلىڭ

1. ئەتىياز پەسلىدە گۈللۈك چاي ئىچىش لازىم. گۈللۈك چاي ـ قىشتىن بېرى ئادەم تېنىدە توپلىنىپ قالغان ھۆل سوغۇقنى ھەيدەيدۇ، پۇرىقى كۈچلۈك چايلار ئادەمنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى يېتىلدۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

2. ياز پەسلىدە يېشىل چاي ئىچكەن ياخشى. يېشىل چاينىڭ تەبىئىتى سوغۇققا مايىل بولۇپ، ئىسسىقنى، زەھەرنى قايتۇرۇش، ئۇسسۇزلۇقنى بېسىش، يۈرەك خىزمىتىنى ياخشىلاش رولىغا ئىگە.

3. كۈز پەسلىدە كۆك چاي ئىچكەن ياخشى. بۇ خىل چاينىڭ تەبىئىتى مۆتىدىل بولۇپ ھەم ئادەم تېنىدىكى ئىسسىقنى ھەيدەش ھەم بەدەن سۇيۇقلۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە.

4. قىش پەسلىدە قىزىل چاي ئىچكەن ياخشى. قىزىل چاينىڭ تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل بولۇپ، تەركىبىدە كۆپ مىقداردا ئاقسىل بار. ئۇ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىنى ياخشىلاش، تەن-ساغلاملىقنى ئاشۇرۇش، روھلاندۇرۇش رولىغا ئىگە. (02)

(قادىرجان ئابدۇكېرىم . ت)

## ... قىلىشقا بولىدىغان چەكلەر

ئېلىش قاتارلىق چەكلەرنى رەڭگە قويۇشقا بولمايدۇ. يەنە، ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى تالاشتا قالغان، يوقاپ كەتكەنلىكى ياكى قانۇن بويىچە توختىتىپ قويۇلغانلىقى كاپالەتلەندۈرۈلگەن چەكلەرنى رەڭگە قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ خىل چەكلەرنى رەڭگە قويۇشتىن كېلىپ چىققان يامان ئاقىۋەتكە قەرز ئالغۇچى مەسئۇل بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈن قويۇپ ئۆسۈمىنى ئالىدىغان قەرەللىك ئامانەت چېكى رەنە بولغان بولسا، بىردەك ئۆسۈمى بېرىلمەيدۇ.(02)

(بىلقىز تاھىر)












ھۆسنخەتلەرنى تورسۇن قۇربان ئېھرىز يازغان "ئاقسۇ"،





# بېيجىڭدىكى ئۇيغۇر مەھەللىسى

★ ئابلىز مەھەممەت سايرامى ★

بېيجىڭدىكى مەشھۇر تارىخىي باغچا يىخېيۇەننىڭ يېنىدا «ۋېيۋۇسۇن» (ئۇيغۇر مەھەللىسى) دەپ ئاتىلىدىغان بىر تارىخىي كەنت بار. بۇ جاي ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللە بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادى 1279– 1368) ناھايىتى ئاۋاتلاشقان ئۇيغۇر مەھەللىسى ئىدى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 128 - جىلددىكى «ئىلى قايانىڭ تەرجىمھالى» بىلەن 143 - جىلددىكى «يۇنۇس قايانىڭ تەرجىمھالى» قاتارلىقلاردىكى تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ ئەتراپتىكى كەڭ جايلار ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدىكى مەشھۇر بىلىم ئىگىلىرى، زىيالىيلار، ئەدىبلەر، مۆتىۋەرلەر ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنلىرى ئولتۇراقلاشقان ئورۇن بولغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا بۇ جايدىكى ئۇيغۇر مەھەللىسىدە ئەڭ مەشھۇر ئىككى چوڭ ئائىلە (جەمەت) ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، شىمال تەرەپتىكى جايغا بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار)لىق قايا فامىلىلىك 40 تىن ئارتۇق ۋالىيدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلار ئائىلىسى ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتى ئولتۇراقلاشقان. جەنۇب تەرەپكە يەنە بىر چوڭ جەمەت ھېسابلانغان ليەن فامىلىلىك 30 دىن ئارتۇق ئالىم، ئوقۇتقۇچى، تەرجىمان، دوختۇر، ئوردا ئۆلىماسى، خانزادىلەر ئۇستازلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتلىرى ئولتۇراقلاشقان. بۇلاردىن باشقا، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدىن بېيجىڭ ۋە باشقا جايلارغا يۆتكەپ ئاپارغان ھەر خىل كەسىپ ئەھلىلىرى ۋە ئېتىقادلىق ئۇيغۇرلار 100 مىڭغا يېقىن بولۇپ، بۇلارنىڭمۇ خېلى كۆپ قىسمى بېيجىڭدىكى ئەنە شۇ ئۇيغۇر مەھەللىسىدە ئولتۇراقلاشقان.

خوش، ئۇنداق بولسا بۇنچىۋالا كۆپ ئۇيغۇرلار نېمە سەۋەبتىن يىراقلا پايتەخت بېيجىڭغا بېرىپ قالغان؟ قانداقلارچە ئۇيغۇر مەھەللىسىنى شەكىللەندۈرگەن؟

ئېلىمىزنىڭ يۈەن سۇلالىسىگە ئالاقىدار تارىخىي خاتىرىلىرىنىڭ ھەممىسىدە بىردەك قەيت قىلىنىشىچە، مىلادى 1200 - يىللارنىڭ ئالدى-كەينىدە يۈەن تەيزۇ (تېمۇچىن) شىمالدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆزىنى «چىڭگىزخان» دەپ ئاتىغان ھەم زور قوشۇن تەشكىللەپ شىمالنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، جەڭگىۋار ئاتلىق قوشۇنلارنىڭ ھەيۋىسى بىلەن ئۆزى مەغلۇپ قىلغان نايمان ۋە مېركىت (مەرچى) قەبىلىلىرىنى ئۆزۈل- كېسىل يوقىتىشقا ھازىرلانغان. چۈنكى بۇ قەبىلىلەر چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل دالاسىنى تامامەن بىرلىككە كەلتۈرۈشىدە چىڭگىزخان بىلەن داۋاملىق قارشىلىشىپ كەلگەنىدى. 1208- يىلى ئايانخاننىڭ



ئوغلى كۇچلۇك قاراقىتانلارغا قېچىپ باردى، 1211 ـ يىلى قاراقىتان گورخاندىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى، مېركىتلارنىڭ قالدۇقلىرىمۇ شىمالىي يول ئارقىلىق چېكىنىپ جۇڭغارىيىگە كېلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن قاراقىتانلارغا تەۋە ھەرقايسى قەبىلىلەر چىڭگىزخاننىڭ بويسۇندۇرىدىغان مۇھىم نىشانى بولۇپ قالدى. دەل شۇ چاغلاردا ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىمۇ قاراقىتانلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، قىتانلارنى يوقىتىشقا ھازىرلانغانىدى. دېمەك قىتانلارنى يوقىتىش موڭغۇللارنىڭمۇ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭمۇ ئورتاق نىشانى بولغاچقا، موڭغۇللار بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى بىر مەقسەتتە ئورتاق كۆرەش قىلىشقا توغرا كەلگەن. مۇشۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا، مىلادى 1209 ـ يىلى (يۈەن تەيزۇنىڭ 6 ـ يىلى) ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىدىقۇتى (بۇ چاغدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ خان پادشاھلىرى «ئىدىقۇت» دەپ ئاتىلاتتى) بارچۇق ئارت تېكىن قاراقىتانلارنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدە تۇرۇشلۇق كەنجى باسقاقىنى ئۆلتۈرگەن، بۇ ۋەقەدىن خۇشال بولغان چىڭگىزخان 1210 ـ يىلى ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئۆزىگە ياردەم قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەل بۇيرۇق، دار بايلار قاتارلىقلارنى ئىدىقۇت، ئۇيغۇر ئېلىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن. ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن بۇ ئەلچىلەرنى قىزغىن كۈتۈۋالغان ھەم قوت ئالمىش قايا، ئۆمەر ئوغۇل، تارباي (بەزى ماتېرىياللاردا بېكىس ۋە ئارغۇن تېمورمۇ دېيىلىدۇ) قاتارلىقلارنى چىڭگىزخاننىڭ ھوزۇرىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. چىڭگىزخان بۇ ئۇيغۇر ئەلچىلەرنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىننى ھوزۇرىغا كېلىپ مېھمان بولۇشقا ئالاھىدە تەكلىپ قىلغان. 1211ـ يىلى، ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن تەكلىپكە بىنائەن كورۇلىن دەرياسىنىڭ بويىدا چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشكەن. چىڭگىزخان ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالغان ۋە ئۇنىڭغا بىر قىزىنى بېرىپ، 5ـ ئوغلۇم دەپ ئاتىغان.

مىلادى 1218 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدىن نەچچە ئون مىڭلاپ ئۇيغۇر چەۋەندازلار سەپەرۋەر قىلىنىپ، موڭغۇللارنىڭ جۇڭگو، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپانىڭ قىسمەن جايلىرىنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىغا قاتناشتۇرۇلغان. بۇ ئۇيغۇر قوشۇنلىرى چىڭگىزخان ئۈچۈن مۇھىم تايانچ كۈچ بولۇپلا قالماي، بەلكى قۇبلايخاننىڭ دۇنيا تارىخىدىكى مەشھۇر موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىدىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ھەربىي كۈچ بولۇپ زور رول ئوينىغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلار موڭغۇل قوشۇنلىرىنى ئات، تۆگە، ھەربىي ئەسلىھە، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىق مۇھىم لازىمەتلىكلەر بىلەن كۆپلەپ تەمىنلەپلا قالماي، يەنە موڭغۇللارنىڭ تەرجىمانلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى، كاتىپلىرى، ئالىم ـ ئۆلىمالىرى، مەسلىھەتچىلىرى، ھەربىي باشلىقلىرى، قەلەم ئىگىلىرى، ھۈنەر ـ سەنئەت ئۇستازلىرى، دوختۇرلىرى، ھەربىي قورال (مەسلەن، ئۇيغۇر زەمبىرىكى) ياسىغۇچىلىرى، دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى، دىنىي ئۇستازلىرى... قاتارلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلاردىن بولغانلىقى روشەن تارىخىي پاكىت ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم.

شۇڭا 1260 ـ يىلى قۇبلايخان تايدۇ (ئەينى زاماندىكى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ موڭغۇلچە نامى بولۇپ «ئۇلۇغ پايتەخت» دېگەن مەنىدە) دا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندا، بۇ ئىمپېرىيىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا زور تۆھپە كۆرسەتكەن ئۇيغۇرلارغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلغان ھەم ئۇلارنى يۇقىرى مەنسەپلەرگە تەيىنلىگەن. شۇنداقلا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆزگىچە مىللىي ئەنئەنىلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنى ئوردىدىكى موڭغۇل ئەمەلدارلار بىلەن بىللە ئولتۇراقلاشتۇرماستىن، بەلكى ئوردىنىڭ غەربىدىكى مەنزىرىسى گۈزەل، تەبىئىي مۇھىتى ياخشى،

ھاۋاسى سالقىن ھەم ئازادە بولغان گاۋلىياگخۇ (كۆممقوناقلىق كۆلى) ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشتۇرغان. يۇەن سۇلالىسى ئوردىسى خېلى زور چىقىملار بىلەن بۇ جايغا نەچچە يۈز ئائىلىلىك ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەرنى سېلىپ، گۈللۈك باغلارنى بەرپا قىلىپ، ئۇيغۇر ئەمەلدارلارغا لايىق تۇرالغۇ جايلارنى ياساپ بەرگەن ھەم بۇ جاي ناھىيە دەرىجىلىك مەمۇرىي رايون قىلىنىپ 100 نەچچە شتات ئاجرىتىلغان، مەخسۇس قاراۋۇللار قويۇلغان، نەچچە يۈز خىزمەتچى ۋە كېنىزەكلەر ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ئۈچۈن كېچە- كۈندۈز خىزمەت قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ جاي «ئۇيغۇر مەھەللىسى» (ۋېيۇۋسۇن) دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

كېيىن بۇرۇلقايا، لىيەن شىشەن، ئارغۇن سالى قاتارلىق 50 تىن كۆپ ۋەزىر ۋە ۋەزىردىن يۇقىرى تەركا بەگلەر (دۆلەت دەرىجىلىك بەگلەر) ھەم 100 دىن كۆپ ۋالىي دەرىجىلىك ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن، بۇ ئۇيغۇر مەھەللىسىنىڭ نامى «ۋېيگۇگسۇن» («ئۇيغۇر بەگلىرى مەھەللىسى») دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

تۆھپە كۆرسەتكەن نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىنىڭ مەرتىۋىسى ئۆستۈرۈلۈپ تايدۇ (بېيجىڭ)غا يۆتكەپ ئاپىرىلىشى بىلەن ئۇيغۇر مەھەللىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى بىر ھەسسە كۆپەيگەن. بۇلار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد بېيجىڭدا ياشاپ، يۇەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي - ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تارىخىي تۆھپىلىرىنى قوشقان. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئۇيغۇرلار تىل، ئۆرپ - ئادەت، دىنىي ئېتىقاد ۋە مىللىي ئەنئەنە جەھەتتىن پەيدىنپەي پايتەخت خەلقىگە سىڭىشىپ، «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامىنى ساقلاپ قالالمىغان بولسىمۇ، ئەمما پايتەختىمىز بېيجىڭدىكى «ئۇيغۇر مەھەللىسى» دېگەن تارىخىي نام ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. (06)

(ئابدۇللا ئابدۇرېھىم فوتوسى)

## «مىراس» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ!

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك كىتابخان!

«مىراس» ژۇرنىلىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرى بولغان ئەفسانە، رىۋايەت، چۆچەك، قىسسە-داستان، قوشاق، ماقال - تەمسىل، مەسەل، لەتىپە، كۈلدۈرگە - چاقچاق، تېپىشماق، سۆز ئويۇنلىرى، خەلق تېبابەتچىلىكى، ئاسترونومىيە - مۇنەججىملىك، ھەر خىل روھ ۋە قىياپەت جۇشەنچىلىرى، ھېكمەتلەر ھەمدە خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتكە، ئۆرپ-ئادەتكە، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىي يىلتىزىغا ئائىت تەتقىقاتلارنى، ھەرقايسى ئەل ۋە مىللەتلەرنىڭ مەشھۇر خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى، تەتقىقات نەتىجىلىرى، ئاجايىپ - غارايىباتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ. بۇ ئەسەرلەر ئىنسانىيەتنىڭ، جۈملىدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى، گۈزەل-ئارزۇ - ئارمانلىرى، ئەقىل- پاراسەت جەۋھەرلىرى مۇجەسسەملەنگەن بىباھا گەۋھەرلەردۇر.

«مىراس» ژۇرنىلى 1999- يىلدىن باشلاپ قوش ئايلىق بولۇپ، يىلدا ئالتە سان نەشر قىلىنىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ سۈپىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، ئۆز ۋاقتىدا كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ.

«مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا-ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، يىگىتلەرگە غۇرۇر، قىزلارغا ھايا بېغىشلايدۇ.

دوستۇم، «مىراس» ژۇرنىلىنى ئوقۇڭ! ئۇ روھىڭىزنى ئويغىتىپ، ھارغىنلىقىڭىزنى چىقىرىپ، بىلىم دائىرىڭىزنى كېڭەيتىدۇ.

بىز ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆز جايىدىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق كېلەر يىللىق سانلارغا مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز!

ژۇرنىلىمىزنىڭ يەككە باھاسى: 3:00 يۇەن، يېرىم يىللىق باھاسى: 9.00 يۇەن، يىللىق باھاسى 18 يۇەن.

پوچتا ۋاكالەتەن نومۇرى: 60-58

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

## سىدىق بوۋاي

يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزا 6 ـ كەنت 3 ـ مەھەللىلىك سىدىق ئابدۇللا بۇ يىل 120 ياشقا كىرگەن بولۇپ، سالامەتلىكى ياخشىكەن. بۇ بوۋاي قىران چاغلىرىدىن باشلاپ شەھۋەتپەرەسلىككە بېرىلمىگەن. جىسمانىي ئەمگەكتىن ئايرىلمىغان، تاماكا چەكمىگەن، چامغۇر قاتارلىق كۆكتاتلار بىلەن ئېتىلگەن ئوماچ، يوبدان، جوۋاۋىلار ئۇنىڭ ئاساسلىق تامىقى بولغان. بوۋاي كەپتەر بېقىشقا ھېرىسمەن بولۇپ، 5 ـ 4 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كەپتەر بازىرىغا پىيادە بېرىپ كېلىدىكەن. دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن ئىناق ئۆتىدىكەن. خاپىلىق تارتسا ئاھ ئۇرۇپ كەتمەيدىكەن. بوۋاينىڭ كۆرۈش، ئاڭلاش سېزىمى نورمال بولۇپ، رادىئو ئاڭلاشقا قىزىقىدىكەن.

ھازىر ئۇ 3 ئوغلى، 1 قىزى، 13 نەۋرىسى، 4 چەۋرىسى بىلەن خۇشال ـ خۇرام ياشىماقتىكەن. (07) (ئابدۇۋايىت.ت)

## تىللارنىڭ يوقىلىشى

يېقىندا، گېرمانىيە بېلفىلد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر تىلشۇناسى ئېلان قىلغان تەتقىقات دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: 10 مىڭ يىل بۇرۇن دۇنيا ئاھالىسى 1 مىليون بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا ئىنسانلار تەخمىنەن 15 مىڭ خىل تىلنى قوللانغان. ھازىر دۇنيا نوپۇسى 5000 ھەسسە كۆپەيگەن بولسىمۇ، بىراق ئىنسانلار تىلىنىڭ يېرىمى يوقالغان. دوكلاتتا ئاگاھلاندۇرۇلۇپ، ئىنسانلار تىلىنىڭ يوقىلىش سۈرئىتى تېزلىشىۋاتىدۇ، تىلنىڭ يوقىلىشى ئىنسانلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ يوقىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ، دېيىلگەن. دوكلاتتا كەلگۈسى 100 يىلدا تەخمىنەن 2300 خىل تىلنىڭ يەر شارىدىن يوقىلىدىغانلىقى، بۇ ئىنسانلارنىڭ ھازىرقى تىلىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن. (07)

(رىزۋانگۈل.ت)

## دارۋىننىڭ تەلىماتى...

ئارخېئولوگلارنىڭ يېڭى بايقاشلىرىغا ئەگىشىپ، دارۋىننىڭ «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى» ئاغدۇرۇلۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن. ئامېرىكا ئارخېئولوگى، دوكتور مېستار يېقىندا نېۋادا شتاتىدىكى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدىن بىر قىسىم دىنوزاۋىرلارنىڭ ئىزىنى ھەم بۇ ئىزلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە يەنە بەش مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر تاغتېشىنىڭ ئىزىنى بايقىغان. كىشىنى تېخىمۇ قىزىقتۇرىدىغىنى شۇكى، تاغتېشىنىڭ ئىزىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن يالىڭاياغ بىر ئىز بولغان. تەتقىقاتلار ئارقىلىق بۇ يالىڭاياغ ئىزنىڭ يېقىنقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئىزى ئەمەسلىكى ئىسپاتلاندى. ئالىملار بۇ ئىزنى رادىئاكتىپلىق كاربون بىلەن تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن 150 مىليون يىللار ئىلگىرىكى ئىز ئىكەنلىكىنى، ئۇ كىشىلەرنىڭ بىر قەدەر ياش، بويى ئېگىزلىكى 1.80 مېتىر ئىكەنلىكىنى بايقىغان. (07)

(رىزۋانگۈل.ت)

## قەۋەتلىك ئۆيدە...

قەۋەتلىك ئۆيدە ئولتۇرغانلارنىڭ بالىلىرى نېمە ئۈچۈن كېسەلچان؟ بىرىنچىدىن، بۇنداق بالىلارنىڭ چېچى ياخشى ئۆسمەيدىكەن. «دوپپا ئىزى» دەك ئەھۋاللار كۆپ كۆرۈلىدىكەن، دوختۇرلار بۇنى كالتسىي يېتىشمەسلىك، دەپ ئاتايدىكەن. ئىككىنچىدىن، ئۇڭايلا زۇكام بولۇپ، قىزىتمىسى يانماي يۆتىلى توختىمايدىكەن. ئۈچىنچىدىن، مىجەزى ۋە ئىشتىھاسى ياخشى بولمايدىكەن، بىرەر ۋاخ تاماق يېيىشتىن قالسا ئۇڭايلا كېسەل بولۇپ قالىدىكەن.

بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ 30 يىل ئىلگىرى قىزىمىزنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئايالىم ئىككىيلەن بېيجىڭ شەھەرلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسى بالىلار بۆلۈمىگە بارغىنىمىزدا پېشقەدەم مۇتەخەسسىلەر بىزگە: «سىلەر بىنا ئۆيدە ئولتۇرۇسىلەرغۇ دېمەن، بالىنى سىرتقا كۆپرەك ئېلىپ چىقىڭلار» دېگەن ئىدى.

بىز دوختۇرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە قىزىمىزنى بىر قەۋەت ئۆيدە ئولتۇرىدىغان مومىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدۇق. كېيىن بالىمىز بارا ـ بارا ياخشى بولۇپ كەتتى. (07) (دىلمۇرات . ت)

# تىلەمچىلەر ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز

يېقىنقى بىر نەچچە يىل مابەينىدە ھەرقايسى شەھەر - بازار ۋە يېزا قىشلاقلاردا ئېقىپ يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان كىشىلەر ئىلگىرىكى ھەرقانداق يىللاردىكىگە قارىغاندا كۆپەيدى. بەزىلەر بۇ توغرىدا تۈرلۈك ماقالە- ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبىنى «بەزى كىشىلىرىمىزنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز خورلاش ئالامەتلىرىدىن پەيدا بولغان قارا قورساقلىق، نومۇس سىزىمىنىڭ تۆۋەنلىكى ۋە تاش يۈرەكلىك... قەلەندەرچىلىكنىڭ داۋاملىشىش مەنبەسىدۇر» دەپ يەكۈن چىقاردى. مېنىڭچە بۇ بىر تەرەپلىمە قاراش، بىز ئۇيغۇرلاردا بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا- ئانىسى ۋە ئەۋلادىنى خورلاپ تاشلىۋېتىدىغانلار ئاساسەن يوق دېيەرلىك، بار دېيىلگەندىمۇ ئومۇملۇققا ئىگە ئەمەس، چۈنكى بىز ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاتا -ئانا ۋە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەشتىن ئىبارەت ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۇدۇم شەكلىدە داۋاملىشىۋرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئەنئەنىۋىمىز بار. شۇڭا ئۇنى پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتى تەركىبىدىكى تىلەمچىلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىكى ئاساسىي (ئىچكى) سەۋەب دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئۇنداقتا بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى زادى نېمە؟ ئۇ بولسىمۇ قىسمەن كىشىلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىدىكى ئۇزاق ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتىن تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھۇرۇنلۇق، تەمەخورلۇق، ئالدامچىلىق ۋە ئۆزىنى قەدىرلىمەسلىك خاھىشىدىن ئىبارەت. بۇنداق دېيىشىمدە بۇ تىلەمچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بەش ئەزاسى ساق - سالامەت ياش - ئۆسمۈرلەر ۋە ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار قانداقتۇر يوقسۇزلۇقتىن ئەمەس، بەلكى پۇل تېپىش باي بولۇش ئۈچۈن يۈرتمۇ يۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ كىشىلەرنى قاقتى- سوقتى قىلىدىغانلاردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنى قانداقتۇر «غوجام»... «ھاجىم»، «قارىم»، «پىرىم»، «بۇۋۇم» دېگەندەك سۆپەتلەر بىلەن نىقابلاپ ئىگە - چاقىسىز بىچارە قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، تۈرلۈك رەزىللىكلەرنى قىلىشتىن يانمايۋاتىدۇ. كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان يېرى شۇكى، ئىلگىرى ئۇلار سەدىقە ئۈچۈن بېرىلگەن نان- پان ۋە كونا كىيىم - كېچەك دېگەندەك نەرسىلەرنى گەپ - سۆز قىلماي ئېلىپ يولغا راۋان بولسا، ھازىر يۇقىرىقىدەك نەرسىلەرنى «سالىدىغان قاچام يوق» دەپ ئېلىشنى رەت قىلىپ «مانچە پۇلغا دۇئا قىلدىم، ئانچە پۇل سەدىقە بېرىڭ...» دەپ خۇددى خەققە ئىشلەپ پۇل تېپىشىپ بەرگەندەك دېگىنىنى ئالمىغۇچە ئىشىك تۈۋىدىن كەتكىلى ئۇنىماي بىزىرىپ تۇرىدىغان بولۇۋالدى. ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز كۆڭلىدە ھەرقانچە نارازى بولسىمۇ، لېكىن «تىلەمچىنى ئىشىك تۈۋىدىن قۇرۇق قول قايتۇرۇۋەتسە يامان بولىدۇ» دېگەن كونا ئەقىدە بويىچە ئۇلارغا قانداقتۇر «ئىچ ئاغرىتىپ» كۆپلەپ سەدىقە بېرىۋاتىدۇ. بۇ قاراپ تۇرۇپ ئۇلارنى يامان يولغا باشلاپ قويغانلىق. بەش ئەزاسى ساق ياش- ئۆسمۈرلەرگە سەدىقە بېرىش دۇرۇس ئەمەس، ھەتتا ئاقساق - چولاق، گاس - گاچا دېگەندەك مېيىپ كىشىلەرنىمۇ بىكار يېتىپ يېمەي، بەلكى قابىلىيىتىگە يارىشا ئەمگەك قىلىپ ھالال ياشاشقا ئۈندەش كېرەك. ئەگەر سەدىقە بېرىش توغرا كەلسە ئەنئەنىۋى قائىدىمىز بويىچە، ئۇنى تۇرمۇشتا ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بار بولسىمۇ لېكىن باشقىلارغا ئوچۇق - ئاشكارا ھال - ئەھۋال ئېيتالمايدىغان كەمبەغەل، ئاجىز- مېيىپ، يېتىم-يېسىرلارغا ۋە ياكى تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرگەن جايلاردىكى خەلققە ھەممىدە باشقا ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا بېرىش كېرەك.

تىلەمچىلىك بىز ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىر خېلى بازار تېپىپ قېلىۋاتقان «كەسىپ»لەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن يېڭىدىن كۆللەنگەن بولماستىن، بەلكى خېلى چوڭقۇر تارىخىي ئاساسقا ئىگە، ئۇنىڭ قاچان قەيەردە ۋە كىم تەرىپىدىن «ئىجاد» قىلىنغانلىقى توغرىسىدا تا ھازىرغىچە بىرەر ئېنىق يازما مەلۇمات بولمىسىمۇ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۇمدۇچى» (Umduqi) دېگەن سۆزنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «تىلەمچى» دەپ ئىزاھلاپ كۆرسەتكەن بولۇپ، بۇنىڭدىن بىز ئۇيغۇرلاردىكى تىلەمچىلىك كەسپىنىڭ ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى، ھەتتا ئۇيغۇرلار رەسمىي مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا بارلىققا كەلگەن، دەپ جەزىم قىلىش مۇمكىن.

بۇنىڭدىن باشقا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ خانئېرىق بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا «شەيخلەر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بار بولۇپ، بۇ كەنتتىكى 1300 گە يېقىن ئادەمنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، تىل ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ تارىخچىلار ئۇلارنى «ئەجدادى سامانى تاجىكلىرىدىن بولغان خەتنىچى ئۇيغۇرلار (ئابداللار) دەپ ئاتىشىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئابدال» دېگەن سۆز «خەتنە قىلغۇچى» ياكى «تىلەمچى» مەنىلىرىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئاندىن ھازىر خوتەن شەھرىگە قاراشلىق مەلۇم كەنتتىمۇ 1000 دىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە «ئەينولار» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەۋم بار بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ قەشقەر يېڭىشەھەر خانئېرىقتىكى «شەيخلەر» گە ئوخشاش ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا ئۆزلىرى ئىچكى قىسىمدا قوللىنىدىغان مەھەللىۋى تىلى بار، شۇنداقلا يۇقىرىقى بۇ ئىككى قەۋمنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئوخشاش بولۇپ، خەتنىچىلىك ۋە تىلەمچىلىك «ئەينولار» نىڭمۇ ئۇزاق زامانلار مابەينىدە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئاتا كەسپىدۇر. قەشقەر، خوتەنلىكلەردىكى بۇ ئىككى قەۋمنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۈرۈمچى، مورى قاتارلىق جايلىرىدا يەنە تارقاق ئولتۇراقلاشقان 200 ئائىلىلىكچە ئۇرۇق ـ تۇغانلىرى بار بولۇپ، ئۇلارمۇ ھەرقايسى جايلاردا ئابداللىق ـ تىلەمچىلىك بىلەن شۇغۇللانماقتا.

بىز يەنە يېقىنراق تارىخنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق، 16 ـ ۋە 17 ـ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەۋج ئالغان تەسەۋۋۇپچىلىق ـ ئىشانلىق خۇراپىي ئاڭ ئېقىمى كىردى. ئۇ تەرەپلەردىن كەلگەن خوجا مۇھەممەت شەرىپىدىن مەخدۇم ئەزەم ۋە ئاپئاق خوجا ... قاتارلىق ئىشان ـ خوجىلار ئۆزلىرىنى «ئەۋلىياھ» ، «پەيغەمبەر ئەۋلاد» ... ئاتىۋېلىپ، ئىشانلىق خۇراپىي ئەقىدىلىرىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ كەڭ تارقاتتى. ئۇلار پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىنى خۇراپاتلىق پاتقىقىغا ناھايىتى چوڭقۇر پاتۇرۇپ روھىي بۇلغىنىش ۋەئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى پەيدا قىلدى. سوفىزمنى ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۇ ئۆزگەرمەس قانۇنى ۋە ئەينى دەۋردىكى بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق مىزانى قىلغاچقا، شىنجاڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ئاسمىنىنى بىر مەھەل قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، فېئودال خۇراپاتلىق، زۇلۇم ـ سىتەم، نامراتلىق، ئاچارچىلىق، نادانلىق نىزا ۋە ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى قاپلىدى. بۇ ھال پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى بىر نەچچە ئەسىر ئارقىغا چېكىندۇرۇپ، تارىختا مەڭگۇ ئۇرنىنى تولدۇرۇۋالغۇسىز زىيانلارنى كەلتۈردى. نەتىجىدە ھەممىلا يەرنى بېشىغا ئەسكى كولا، ئۇچىسىغا جەندە ئارتىپ «بۇگۈنىگنى ئويلا، ئەتىگە خۇدايىم بار...» دەپ ساپايى سوقۇپ، مەخدۇم ئەزەم ۋە ئاپئاق خوجىلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر جاھالەتچىلىكى، ساختىپەزلىكى، تەييار تاپلىقى، ئاچكۆزلۈكى، ئالدامچىلىقى ۋە فېئودال زومىگەرلىكنى كۆچەپ بازارغا سالىدىغان ۋە سوفىزم تەلىماتىنى جېنىنىڭ بارىچە تەشۋىق قىلىپ، ئەمگەكچى خەلقنى قاقتى ـ سوقتى قىلىدىغان تەييارتاپ دەرۋىش ـ دىۋانىلەر

قاپلاپ كەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن جاھالەت پەرلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمى دەستىدىن بىر پارچە نانغا زار بولۇپ، ئاچ ـ يالىڭاچ قالغان خەلق ھايۋاندىنمۇ بەتتەر تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ۋەھالەنكى، بۇلارنىڭ ئالدىنقىسى تىلەمچىلىكنى ئۆزلىرىگە ئاتا مىراس كەسىپ قىلىۋېلىپ، كىشىلەرنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ جان باقىدىغان تىرىكتاپ كىشىلەر بولسا، كېيىنكىسى پەقەت ياشاش (ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش) ئۈچۈنلا ئاشۇنداق تىلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولغان كىشىلەر بولۇپ، ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە چىرىك ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ ھالىغا يەتمەيتتى. شۇڭا بۇ ئىككى خىل كىشىلەرنى ئوخشاش بىر تاياقتا ھەيدەشكە بولمايدۇ.

دەرۋەقە، بۇ خىل ھالەتكە ئازادلىقتىن كېيىن خاتىمە بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇنداق ئۇزاق ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتىن دەۋرىمىزگىچە ئېقىپ كىرگەن فېئوداللىق ئەقىدە ـ كالاملارنىڭ ساقىندىلىرى ھازىرغىچە ئۇزۇلمەي داۋاملىشىپ كەلدى. بۇ ئەسلىدە مىللىتىمىز ۋۇجۇدىدىن جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي يوقىلىپ بېرىشقا تېگىشلىك ئىللەت بولسىمۇ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىشان ـ سوپى ۋە دەرۋىش ـ دىۋانىلەرنىڭ كۆپىيىشى، خۇراپاتلىقنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشى ھەمدە بەزى كىشىلىرىمىزنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان تونۇشىنىڭ تۆۋەن ۋە مۇجمەللىكى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، تىلەمچىلەرنىڭ يۈزىنى داپتەك قىلىپ بىچارە قىياپەتكە كىرىۋېلىپ تىلەپ يۈرۈشى ئۆزىنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ جۈملىدىن ۋەتەن خەلقىمىزنىڭ ئىناۋىتىگە ئېغىر نۇقسان يەتكۈزمەكتە، يەنە بىرى، ئېلىمىزدە ھازىر ئىگە ـ چاقىسىز، قېرى ـ چۈرى ۋە ئاجىز ـ مېيىپلار ساناتورىيىسى ۋە يېتىم ـ يېسىرلار مەكتەپلىرى قاتارلىق پاراۋانلىق ئىشلىرىنىڭ مۇكەممەللەشمەسلىكىمۇ ۋە قانۇن شەكلى ئارقىلىق ھەل قىلىنمىغانلىقىمۇ بۇنىڭ يەنە بىر سەۋەبى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، ئېلىمىزدە ھازىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى كۈنسېرى مۇكەممەللىشىپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممە كەسىپ ۋە ساھەلەرگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن قانۇن ـ نىزام ۋە قائىدە ـ تۈزۈملەر تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلۇپ، كۈچلۈك چەكلەش مېخانىزمى ئورنىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن تىلەمچىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا ھالدا خاتىرجەم ئۆز «ئوقەتلىرى»نى قىلماقتا. بىر چوڭ چاتاق چىقارمىسىلا ھېچكىم ئۇلارغا بىر نەرسە دېمەيدۇ. بۇنى ئاز دەپ جەمئىيەتتە سىز ئۇلارغا تىلەمچىلىك قىلغانىنىڭ ئورنىغا ھالال ئەمگەك قىلىپ ياشاش توغرىسىدا تەربىيە بەرسىڭىز ياكى ئۇلارنى ئانچە ـ مۇنچە ئەيىبلەپ قويغۇدەك بولسىڭىز باشقىلار سىزنى «بېخىل»، «پېخسىق» ۋە «ئىمانى سۇس» لۇقتا ئەيىبلەپ باش كۆتۈرگۈزمەيدىغان ئەھۋال خېلى ئېغىر.

21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز. ئېلىمىز خەلقى ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ يۈرۈش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەربىر ۋىژدانلىق ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالماي قالمايدۇ. ئىگىلىنىشچە، ھازىر جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ مەلۇم قىسمىنى بەزى تىلەمچى ۋە ھارامتاماقلار تېپىدىكى كىشىلەر سادىر قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ نۆۋەتتىكى جەمئىيەت ئامانلىقنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش ۋە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىنىڭ ئوبيېكتى سۈپىتىدە كەسكىن بىر تەرەپ قىلىدىغان ۋاقتى كەلدى، ئاندىن جەمئىيەت ئەزالىرىمۇ ئۇلارغا ئورۇنسىز ئىچ ئاغرىتىپ كۆپلەپ سەدىقە بەرگەننىڭ ئورنىغا ھالال ئەمگەكنى ئارقىلىق ياشاش توغرىسىدا سەمىمىي نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلارغا ھەقىقىي كۆيۈنگەن ۋە ئىچ ئاغرىتقان بولىمىز. (02)

## ئۆز ۋاقتىدا كىنو قويۇش

- كىنوخانىمىز كىنونى ئەزەلدىن ئۆز ۋاقتىدا باشلايدۇ.

- سائەت نەچچىدە؟

سائەت 8 يېرىمدە.

- ئۇنداقتا ھازىر سائەت 9 بولاي دېدىغۇ!

- ئۇ ئۆلچەملىك ۋاقىت ئەمەس.

- ئۇنداقتا كىمنىڭ ۋاقتى ئەڭ ئۆلچەملىك؟

- بىزنىڭ باشلىقنىڭ. ئۇ كېلىشى بىلەنلا دەل ۋاقتىدا باشلايمىز.

## ئادەم ئېلىش

بىر شىركەتنىڭ دىرېكتورى بىر كاتىپ تەكلىپ قىلماقچى بولۇپ، بىر پسىخولوگىيە ئالىمىنى ئۇلاردىن ئىمتىھان ئېلىشقا تەكلىپ قىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا

كۈلكە دۇنياسى

قويغان سوئالى 2 گە 2 نى قوشسا نەچچە بولىدۇ دېگەن سوئال ئىكەن. ئىمتىھان بەرگەن بىرىنچى قىزچاق تۆت بولىدۇ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئىككىنچىسى 22 بولۇشى مۇمكىن دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۈچىنچىسى 4 بولۇشىمۇ، 22 بولۇشىمۇ مۇمكىن دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پسىخولوگىيە ئالىمى سىناق نەتىجىسىنى دىرېكتورغا ئېيتىپ، بىرىنچى قىزچاق ناھايىتى ئەمەلىي ئىكەن بىراق بەك مۇتەئەسسىپ ئىكەن. ئىككىنچىسى خىيالپەرەس ئىكەن. پەقەت ئۈچۈنچىسىلا ئەڭ غايىلىك ئىكەن دەپتۇ ھەمدە دىرېكتوردىن قانداق بېكىتىشنى سوراپتۇ. دىرېكتور سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، سەل خىجىل بولغان ھالدا:

- مەن يەنىلا ئاۋۇ بەدىنىنى چىڭ قىسىپ تۇرىدىغان كىيىم - كېچەك كىيىۋالغان قىزچاقنى بولىدۇ دەپ قارايمەن، - دەپتۇ.

## ماڭا ياردەم بېرىۋېتىڭ

- ئاپتوبۇس ئۈستىدە بىر مەست يېنىدىكى بىر ياشانغان كىشىگە:

- بوۋا، ماڭا بىر ياردەم قىلسىڭىز، - دەپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭدىن:

- سىزگە قانداق ياردەم قىلىمەن؟ - دەپتۇ. ھېلىقى مەست:

- سىز مېنىڭ ئورنۇمغا ھاسىڭىزنى قويۇپ تۇرۇڭ، مەن بېلەت ئېلىۋالاي، - دەپتۇ.

## باشقۇرۇش

ئېرىنى ناھايىتى قاتتىق باشقۇرىدىغان بىر يامان ئايال بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ زۆرۈر بىر ئىش

كۈلكە دۇنياسى

بىلەن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپتۇ. ئېرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بازار ئايلىنىپ كەلمەكچى بولۇپتۇ. ئۇ ئادەتتە ناھايىتى ئاز كىيىدىغان ئەتىۋارلىق كاستۇم- بورۇلكىسىنى كىيىپ، ماشىنىغا ئولتۇرۇشقا پارچە پۇل بارمۇ - يوق دەپ يانچۇقىنى ئاختۇرسا، ئويلىمىغان يەردىن قولىغا بىر پارچە قەغەز چىقىپتۇ. ئۈستىگە:

- بۇنچىلىك رەتلىك كىيىنىپ، يەنە نەگە بارماقچى؟ - دەپ يېزىلغان ئىكەن.

## ئىشەنچلىك ئەمەس

ئايال A : ئاڭلىسام سەن توي ئىشىڭنى بىكار قىلىپسەنغۇ؟

ئايال B : شۇنداق.

ئايال A : سېنىڭ ئوغۇل دوستۇڭ خېلى

يامان ئەمەستىغۇ، نېمشقا شۇنداق قىلدىڭ؟

ئايال B : ئاچچىقلانغان ھالدا:

ــ چۈنكى مەن پال ئاچقۇزسام، پالچى ئەپەندى «ئىككى پەرزەنت كۆرۈسىز» دېدى، ئۇ پال ئاچقۇزسا، پالچى: «ئەپەندى، ئۈچ پەرزەنت كۆرۈسىز» دەپتۇ. ئويلاپ باق، ھېلىقى ئۈچىنچى بالا كىمدىن بولغان بالا؟ بۇنداق كىشلەر ئىشەنچلىكمۇ؟ ــ دەپتۇ.

## گىمناستىكا مەشىق قىلىش

بىر دۆيدىكى يىگى ئەسكەرلەر گىمناستىكا مەشىق قىلىۋاتاتتى. بەنجاڭ سول پۇتۇڭلارنى كۆتۈرۈپ، ئالدىغا چىقىرىڭلار! دەپ بۇيرۇق بەردى. بىر ئەسكەر ھودۇقۇپ كەتكەنلىكىدىن

كۈلكە دۇنياسى

ئوڭ پۇتىنى چىقاردى. نەتىجىدە يېنىدىكى ئەسكەرنىڭ سول پۇتى بىلەن بىر جۈپ بولۇپ قالدى.

بەنجاڭ ناھايىتى ئاچچىقلانغان ھالدا:

ــ قايسىڭ ئىككىلى پۇتۇڭنى چىقىرىۋېلىشتىڭ! ــ دەپ ۋارقىرىدى.

## باشقىلارغا ياردەم قىلىش

بىر پوپ بىر كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر بالىنىڭ شۇنچە سەكرىمۇ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باسالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىپ بېرىپ، ئاندىن مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭدىن:

ــ كىچىك دوست، ئەمدى مەن سىزگە يەنە نېمە ئىش قىلىپ بېرەي، ــ دەپ سوراپتۇ.

ھېلىقى ئوغۇل بالا بىر تەرەپتىن قېچىپ يەنە بىر تەرەپتىن:

ــ دەرھال مەن بىلەن قېچىڭ، ــ دەپتۇ.

## ئايال

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئويۇن كۆرۈشكە بېرىشقا تەييارلىنىپ ئىشىكتىن چىققاندىن كېيىن ئايالى ئېرىگە:

ــ ساقلىڭىز يەنە ئۆسۈپ كېتىپتۇ. پاكىز قىرىۋەتسىڭىز بولمامدۇ؟ دەپتۇ. ئېرى:

ــ مەن ساقلىمنى ئالغان! ــ دەپتۇ.

ــ قاچان؟

سىز پەرداز قىلىشقا باشلىغان ۋاقىتتا.

## قان ئاققۇزۇش

ئۈچ چىرايلىق قىزچاق بىر جەگچىنى

كۈلكە دۇنياسى

ئوروۋېلىپ، ئۇنىڭ جەگدە يارىلانغانلىق توغرىسىدىكى ئەھۋالىنى ئاڭلاپتۇ:

ــ دۈشمەنلەر بىزنى قورشىۋېلىپ، بىزنىڭ ئىستىكاممىزنى پارتلاتتى. بىر ئوق پارچىسى مېنىڭ مۈرەمگە تەگدى. ئۇ مۈرىسىنى تۇتۇپ ئۈچ سېكۇنت تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە:

ــ مېنىڭ قاتتىق ئاچچىقىم كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ھەر قانداق بىر جىگەرلىك جەگچى قىلالايدىغان ئىشنى قىلدىم، ــ دېدى.

ــ نېمە ئىش قىلدىڭىز؟ ــ دېدى قىزچاقلار جىددىيلىشىپ، ياش جەگچىنى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

ــ قان ئاققۇزدۇم، ــ دېدى. (08)

(توختىھاجى يۇنۇس . ت)

# هازىرغىچە سىرى يېشىلمىگەن

# ئۇچار جىسىم

**9** 198 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن باشلاپ، بېلگىيە ئارمىيە تەرەپ جىددىي ئۇرۇش ھالىتىدە تۇراتتى، چۈنكى ھەركۈنى ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچار جىسىم بايقالغانلىق توغرىسىدىكى خەۋەر كېلىپ تۇراتتى، 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چارلىغۇچىلار ئەترىتى نەچچە سائەت ئىچىدە ئۈچ بۇرجەك شەكىللىك غەيرىي ئۇچار جىسىمنىڭ ئاۋاز چىقارماي ئاستا تۆۋەن ئۇچقانلىقىنى كۆرىدۇ. ھاۋا ئارمىيە باش شتابى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىزدەشنى قارار قىلىدۇ.

16 ـ F تىپلىق ئىككى ئايروپىلان قايتىدىن «سىرتتىن كەلگەنلەر»گە ئەگىشىڭلار دېگەن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. ئايروپىلاننىڭ رادار كۆرسەتكۈچىدە نامەلۇم نىشان پەيدا بولىدۇ. لېيۇتېنېك سەزگۈرلۈشىدۇ. ھېسابلاش ماشىنىسى نىشانغا ئەگىشىدۇ. كۆرسەتكۈچ ئەسۋابىدىكى ئاق چېكىت ئورنىنى، ئارىلىقنى، سۈرئىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئارىلىق ناھايىتى يىراق ئىدى... ئورۇن بەلگىلەش ئەسۋابى نىشاننى قارىغا ئالىدۇ. ئورۇن بەلگىلەش ئەسۋابى نىشاننىڭ ئالتە سېكۇنت يىراقلىقتا ئىكەنلىكىنى يەتكۈزىدۇ. نىشاننىڭ بىر سېكۇنت ئىچىدىكى تېزلىكى 1800 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. F-16 تىپلىق ئايروپىلاننىڭ ئورۇن بەلگىلەش ئەسۋابى بىلەن يەر يۈزىدىكى رادارنىڭ ھەممىسى نىشاننى يوقىتىپ قويىدۇ. ھاۋا ئارمىيە باش شتابى بىريۇسسېل ئالەمدىكى غەيرىي ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتىنىڭ ئەينى چاغدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «لېيۇتېنېك ئورۇن بەلگىلەش ئەسۋابىدا نىشاننى ئۈچ قېتىم ئېنىق كۆرگەن. ھەر قېتىم پەقەت نەچچە سېكۇنت بولغان، لېكىن بۇ ھەر قېتىم ئۇچار جىسىم ھەرىكىتىنىڭ تېزدىن ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان».

ـ بۇ بىر خىل تەبىئىي ئەھۋالمۇ ياكى راكېتا قالدۇقىنىڭ ئاتموسفېراغا قايتىپ چۈشۈشىمۇ؟

ـ مۇمكىن ئەمەس، ئۇچار جىسىم كۆپ قېتىم نىشانىنى ئۆزگەرتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئاتموسفېرا شارائىتى ھەرقانداق ماگنىتلىق ئەھۋالنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلدى.

ـ ئۇ ئامېرىكىنىڭ داڭلىق A — F-117 تىپلىق يوشۇرۇن ئايروپىلانىمۇ يا؟

ھازىر دۆلەتلىك پەن ـ تەتقىقات مەركىزىنىڭ كەسپىي دىرېكتورى، مەشھۇر فىزىكا شۇناس پروفېسسور راك پىر، بىد مۇنداق دەيدۇ: «ھازىرقى ۋاقىتتا بۇ خىل ئىقتىدارغا ئىگە ۋە ئاۋاز چىقارمايدىغان، ئاۋازدىن تېز ئۇچىدىغان ئايروپىلان ۋە راكېتا مەۋجۇت ئەمەس».

1990 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى كەچتە بىريۇسسېلنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 30 كىلومېتىر يىراقلىقتا كىشىلەر ئاۋۋال ئۇپۇق سىزىقىدا پەيدا بولغان نۇر توچكىسىنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن نۇر توچكىسى بارغانسېرى يوغىناپ، بارغانسېرى يېقىنلايدۇ، ھېلىقى ئۇچار جىسىم ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە بولۇپ، تۆت يوپيورۇق قونۇش چىرىغى ئارقا ـ ئارقىدىن يورۇقلۇق چېقىرىپ تۇرغان ئۇچار جىسىم ئۇلارنىڭ باش ئۈستىدىن 300 دىن 400 مېتىرغىچە ئېگىزلىكتىكى بوشلۇقتىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

بېلگىيىدە ئۇچار جىسىم قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى. ئۆتكەن بىر نەچچە يىل ئىچىدە كىشىلەر، دائىم ئۇچار جىسىمنىڭ قونغانلىقى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى مۇنازىرە قىلىشتى، نېمىشقا ھازىرغىچە بۇنىڭ سىرى يېشىلمەيدۇ؟ نېمىشقا ئۇچار جىسىم ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە بولىدۇ؟ بۇ مەسىلىلەرگە تا ھازىرغىچە جاۋاب تېپىلمىدى. (09)

(ئاينۇر مۇھەممەت. ت)

# كەلمەس «كېلەر نۆۋەت»

(فېلىيەتون)

★ ئابدۇراخمان ئىسلام ★

يىلدا بىر ئېلىپ بېرىلىدىغا «ئۈنۋان باھالاش» باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى، بۇ يىلقى «ئالىي دەرىجە»لىك ئۈنۋانغا ئاران ئىككىلا سان بېرىلگەن ئىدى.

ئۇ مۇشۇ باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، شۇنداقلا مۇئاۋىن باشلىقى ئىدى. ئۆتكەن يىلقى باھالاشتا بىر مۇنچە كۆڭۈلسىزلىكلەر كۆرۈلگەن، ھەتتا باھالاش گۇرۇپپىسىدىكىلەرگىمۇ گەپ كېلىپ قالغىلى تاس ـ تاسلا قالغان ئىدى.

ـ بۇ يىل چوقۇم سىياسەت، پرىنسىپ بويىچە قىلىپ، نەچچە قېتىملىق باھالاشتىن «كېيىنكى نۆۋەت» كە قالدۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ھېلىقى ئىككى ئىختىساس ئىگىسىگە «ئالىي دەرىجە» ئۈنۋانى بېرىش كېرەك ـ دېدى ئۇ ئىچىدە قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك بولۇپ.

ـ ئاڭلىسام ئۈنۋان باھالاشقا تەييارلىق قىلىۋېتىپسىلەر، شۇنداقمۇ؟ ـ دېدى خوتۇنى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا.

ـ شۇنداق، بۇنى نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟ ـ دېدى ئۇ خوتۇنىنىڭ «ئۇزۇن قۇلاق» لىقىنى ئۇقسىمۇ.

ـ سىز دېمىگەن بىلەن، ـ دېدى خوتۇنى ماختانغاندەك بولۇپ، ـ ئىدارەڭلەردە بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇقۇپ تۇرىمەن... كەچتە بالدۇرراق قايتىپ كېلەرسىز، ئۆيگە مېھمان كەلمەكچى.

ـ كىم ئىكەن ئۇ؟

ـ ئۇنى كەچتە بىلەرسىز...

«ئۈنۋان باھالاش» گۇرۇپپىسى چاقىرغان يىغىن مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇ خىزمەتتىن كەچرەك قايتىپ كەلدى ۋە پەقەت ئىشىك ئالدىغا كەلگەندىلا خوتۇنىنىڭ چۈشتە قىلغان سۆزىنى ئەستىن چىقىرىپ قويغانلىقىنى ئېسىگە كەلتۈردى. ئادەتتە يېقىلمايدىغان مېھمانخانا ئۆي چوڭ چىراغنىڭ يېقىلغانلىقىنى ۋە دىماغقا ئۇرۇلۇۋاتقان قورۇمىسەيلەر ھىدىدىنلا ئۇ، ئۆيگە خېلى ئېزىز مېھماننىڭ كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلىۋالدى.

ـ ئەسسالام گا چوجاڭ!

ئورنىدىن دەرھال دەس تۇرۇپ ئۆزى بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈشۈۋاتقان «ئېزىز مېھمان»نىڭ ئىدارىگە قاراشلىق كارخانىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ھەمدۇل ئىكەنلىكى ئۇنى ھەيران قالدۇردى، كارخانىچىلار قاتارىدىن ئۈنۋان ئالماقچى



بولۇۋاتقان بۇ كىشىنىڭ مېھمان بولۇپ كېلىپ قالغىنى قىززىق- ھە؟! چاقىرىلمىغان مېھمان بولۇپ كېلىپ قالدىم،- دېدى ئۇ قورۇمىلار كەلتۈرۈلۈپ ئولتۇرۇش رەسمىي باشلانغاندىن كېيىن، - ئىدارىگە ئىككى قېتىم ئىزدەپ بېرىۋېدىم، كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەن ئىكەنسىز، قايتىپ كەپتۇ دېگەننى ئاڭلاپ كېلىۋېدىم...

- ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن نېمىدىندۇر خىجالەت بولغاندەك قورۇنۇپ قېلىۋاتقانلىقى مەلۇم ئىدى.

- ئوبدان بوپتۇ ئوبدان، - دېدى ئۇ، - كۆرۈشمىگەن ئىش بولسا ئىشخانىدا ياكى تېلېفوندا دېيىشكىمۇ بولاتتىغۇ، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىپ.

- خىزمەتكە قاتناشقىنىمغىمۇ 30 يىلدەك بولۇپ قاپتۇ، - دېدى ئۇ بوتۇلكىدىن ئۆزى قۇيۇۋالغان يېرىم پىيالىدەك هاراقنى ئىچىۋېتىپ، -شۇ يىللارنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك مۇشۇ سىياسىي خىزمەت بىلەنلا ئۆتۈپتۇ. پېنسىيىگە چىقىشنىڭ ئالدىدا بولسىمۇ مۇشۇ ئۇنىۋان مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋالساممىكىن دېگەن ئويغا كېلىپ قېلىۋېدىم...

- ھە؟ - دېدى ئۇ كۆرۈشۈش مەقسىتىنىڭ نېمىدە ئىكەنلىكىنى ئۇققاندەك بولۇپ.

- سەۋىيەمنىڭ تۆۋەنلىكى، ئاددىيسى بىرەر پارچە نەرسە يېزىپ باقمىغىنىمنىڭ ھەممىسى راست، - دېدى ئۇ سەممىيلىك بىلەن، - بىراق قاراپ باققۇدەك بولسام، ماڭا ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىۋان دېگەن نەرسىگە ئېرىشىپ بوپتۇ. سېلىشتۇرۇپ كۆرسەم مېنىڭ ئۇلاردىن ھېچلا قالغۇچىلىكىم يوق ئىكەن... شۇڭا سىزنى بۇ قېتىمقى باھالاشتا غەمخورلۇقىنى كۆرسىتىپ قويارمىكىن دەپ كېلىۋېدىم...

- ئاۋۋال تائام - دەپتىكەن، - دېدى ساھىبخان ئايال ئېرىگە ھاراق بوتۇلكىسىنى ئىشارەت قىلىۋېتىپ- ئابايىملا دېدىمغۇ، پۈتكۈل ئىدارە سىستېمىسىدا سىزگە ئوخشاش مىللىي شۇجىدىن نەچچىسى بار؟ ئۇنداق ئۇنىۋاننى سىزگە ئوخشاش شۇجىلار ئالمىسا بولامدۇ؟!

ھەمدۇل شۇجى ئۆي ئىگىسىنىڭ تازا ئوچۇق چىراي بېرىپ كەتمىگەنلىكىنى سېزىپ قالدىمۇ ياكى ئۆزىنىڭ مەست بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىمۇ ئەيتاۋۇر سائىتىنى كۆرسىتىپ:

كەچ بولۇپ قاپتۇ، دەم ئېلىشىڭلارغا تەسىر بەرمەي، - دېگىنىچە چىقىپ كەتتى.

- نېمە ئۇ؟ - دېدى ئۇ خوتۇنىنىڭ ئىچكىرىكى ئۆيدىن ئېلىپ چىقىۋاتقان ئىككى چوڭ بولاقلىق نەرسىگە قاراپ.

- نېمە بولاتتى، ئابايامقى شۇجىنىڭ سوۋغاتلىرى... مانا شىپىڭ دۇخاۋا، سارجا، ماۋۇچۇ- ھە، بۇ ھاراق - تاماكىلىرىڭىز ئوخشايدۇ... ۋىيەي، بۇ شۇجىرىڭلار خېلى سېخىي ئادەم ئوخشىمامدۇ، كەم دېگەندىمۇ 1000 يۈەنلىكتەك نەرسە ئەپكىرىپتۇ...

بىراق ئۇ خوتۇنىغا ھېچ نەرسە دېمەستىنلا يېتىپ قالدى.

يەكشەنبە كۈنى ئاخشىمى بولارنىڭ ئۆيىگە ئىدارە ئورگان پارتكومىنىڭ شۇجىسى لاۋۋاڭ كىرىپ كەلدى. ئۆيدىكىلەر تاماق يەپ بولغان چاغ بولغانلىقتىنمۇ ياكى لاۋۋاڭنىڭ چاقىرىلمىغان مېھمان بولغانلىقىدىنمۇ ساھىبخان ئايال مېھمان ئالدىغا بىر پىيالە چاي كەلتۈرۈپلا ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى.

- ئوغلۇم شىنجىڭدىن ئالغاچ كەپتىكەن - دېدى لاۋۋاڭ ئۇنىڭ بىلەن تىنچ - ئامانلىق توغرىسىدا سۆزلىشىۋالغاندىن كېيىن يانچۇقىدىن ئالقان چوڭلۇقىدىكى رادىئو ياكى ئۈنئالغۇغا ئوخشايدىغان نەرسىنى چىقىرىپ، - بۇ، ياپون پاكارلىرىنىڭ يېڭىدىن بازارغا سالغان كۆپ ئىقتىدارلىق مىكرو رەڭلىك تېلېۋىزورى ئىكەن، دوستلۇق خاتىرىسى ئورنىدا ئېلىپ قويارسىز، قىزىڭىزنى ياتلىق قىلغاندا كاماندىروپكا بىلەن سىرتتا يۈرۈپتىمەن، ماۋۇسى، - دېدى ئۇ يەنە بىر يانچۇقىدىن بىر

لىپاپنى چىقىرىپ، - ئەر - خوتۇن ئىككىمىزنىڭ كىچىككىنە كۆڭلىمىز...

لاۋۋاكىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا سېخىي بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. شۇڭىمۇ خاتىرە ۋە كۆكۈل لىپاپلىرىنى ئېلىۋاتقاندا ئۇنىڭ قولى ئىختىيارسىز تىترەپمۇ كەتتى...

- ۋيەي، مۇنداقمۇ تېلېۋىزورلار بولىدىكەن-غۇ!؟-دېدى ئۇنىڭ خوتۇنى يوتقان ئىچىدە يېتىپ تۇرۇپمۇ كۆرگىلى بولۇۋاتقان بۇ خاتىرە بويۇمىغا بولغان ھەيرانلىق - خۇشاللىقنى باسالماي قېلىپ، ئۇ، ئېرى ئىشارەت قىلغان ھېلىقى كۆكۈل لىپاپنى ئاچتى: ئۇنىڭدا 1000يۈەن نەق پۇل بىلەن ئەرلەر تاقايدىغان 1 تال ئالتۇن ئۈزۈك سېتىۋالغان تالون قەغىزى بىلەن بىللە تۇراتتى...

«خام سۈت ئەمگەن ئادەمنىڭ ھەتتا بالاغەت يېشىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن چاغلاردىمۇ ئۆز ئەقىل- ئىرادىسىگە خىلاپ ئىش قىلىپ قويىدىغان»لىقى ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىدىمۇ ئىسپاتلاندى: ئۇ ئەسلىدىكى ۋەدىسى- ئىرادىسى بويىچە نەپ- مەنپەئەتكە تەۋە مۇشۇنداق سوۋغات، خاتىرە، كۆكۈل دېگەنلەرنى ئۆزىدىن يىراق تۇتماقچى، ھالاللىق، سەممىيلىك يۈزىسىدىن بولسىمۇ بۇ قېتىمقى ئۇنۋاننى ئۇنىڭ نەق ئىگىسى بولغان ھېلىقى ئىككى نەپەر ئىختىساس ئىگىسىگە بەرمەكچى، بۇلار ئارقىلىق ئۆزىنى ئازابلاپ كېلىۋاتقان قەلب روھىي كېسەللىكىدىن قۇتۇلدۇرماقچى ئىدى... بىراق بولمىدى، نەپ - مەنپەئەت يەنىلا غالىب كېلىپ ئۇنى ۋەدە ۋە ئۆز ئىرادىسىدىن قايتۇردى؛ باھالاشتا ئۇ، ھەمدۇلنىڭ مىللىيلىقىنى، لاۋۋاكىنىڭ مەرد - ئىرادىلىكلىكىنى دەلىللەپ، باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇۋالدى، نەتىجىدە بەشكە قارشى ئالتە ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭ تەلىپى ماقۇللۇقتىن ئۆتتى، ئۇنۋان ھەمدۇل بىلەن لاۋۋاكىغا بېرىلدى، ھېلىقى ئىختىساس ئىگىلىرى بولسا يانا كېلەر يىللىق باھالاشقا قالدۇرۇلدى!... (04)

## ياشلارغا نەسىھەت

1. سۈكۈت - ئۆزۈڭگە ۋە باشقىلارغا پايدا يەتكۈزىدىغان سۆزلەرنى سۆزلە. بولمىسا سۈكۈت قىل.

2. ئىنتىزام - ھەر بىر ئىشتا بىر ۋاقىت، ھەر بىر نەرسىگە بىر ئورۇن تەيىن قىل. تەرتىپلىك، ئىنتىزامچان بول.

3. ئىرادە - قولۇڭدىن كېلىدىغانلىقىغا كۆزۈڭ يەتكەن ئىشقا تىرىش، باشلىغان ئىشنى تاماملاشقا بەل باغلا.

4. تەرتىپلىك باشقۇرۇش - قولۇڭغا كىرگەن پۇلنى ئۆزۈڭگە، ئائىلەڭگە ۋە باشقىلارغا پايدىسى تېگىدىغان يەرلەرگە سەرپ قىل، ياخشى باشقۇر، ئىسراپچىلىقتىن ساقلان.

5. تىرىشىش - يېتىپ يېسەڭ تاغمۇ توگەيدۇ. ۋاقتىڭنى بىكار ئۆتكۈزمە. تىرىش، غەيرەت قىل.

6. توغرىلىق - ھەر بىر ئىشىڭدا، سۆزۈڭدە توغرا بول، توغرا ئىشلە، توغرا سۆزلە، يالغانچىلىق ۋە ئەگرىلىكلەرنىڭ ئەسىرى بولما.

7. ھەققانىيەت - ئىنساب ۋە ئادالەت بىلەن ئىش قىل، ھەققى ناھەق بىلەن ئارىلاشتۇرما.

8. پاكلىق - بارلىق ئىشىڭدا پاك - تازا بولۇشقا دىققەت قىل، ئىپلاسلىق، چىركىنلىكتىن ساقلان.

9. سەۋر تاقەت - مۇبادا بېشىڭغا ئېغىرچىلىق چۈشسە چىدىغىن، سەۋرسىزلىك قىلما. قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن غەيرەت قىل.

10. ئىپپەت - ئىپپەت نومۇسىڭنى ھاياتىڭدىن ئارتۇق ۋە مۇقەددەس بىل، ئۇنى دائىم ئاسراشقا غەيرەت قىل. (04)

(شېرىپ مۇسا تەييارلىغان)

## چوش كۆرۈشنىڭ سىرى

ئامېرىكا دۆلەتلىك سەھىيە تەتقىقات ئورنىدىكى خادىملار چوش كۆرۈشنىڭ چوڭ مېڭە ئاستىنقى قىسمىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدا بولغان بىر تۈرلۈك «تەكشۈرۈپ ئۆلچەش باشقۇچى» ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئۇلار مۇسبەت ئېلېكتروننى قويۇپ بېرىپ «ئۇزۇلمە تەسۋىر تېخنىكىسى»دىن پايدىلىنىپ، 10 ئەر ئۈستىدىن ئۆلچەش ئېلىپ بېرىپ، چوڭ مېڭىنىڭ بىر قىسمىنىڭ قاتتىق ئۇخلىغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ھەرىكەتچان ھالەتتە تۇرىدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈرگەن. ئۇلار ئادەم ئۇخلىغاندىن كېيىن كۆز ئالمىسى يەنىلا ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت ھالىتىدە تۇرغاندا جىددىي چوش كۆرۈش يۈز بېرىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، چوڭ مېڭىنىڭ باشقا قىسىملىرىمۇ «ئالىي بۇيرۇق»قا بويسۇنۇپ ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا ماگلاي تېرىسىنىڭ پۈتۈنلەي يېپىق ھالەتتە تۇرىدىغانلىقىنى بايقىغان. (07)

(رىزۋانگاي . ت)

## ئىقتىدارلىق كەپتەر

سىز كەپتەرنىڭ رەسىمنى پەرقلەندۈرۈشتەك قىزىقارلىق بىر ئىشنى ئاڭلىغانمۇ؟ ياپونىيىنىڭ توكيودا تۇرۇشلۇق پسىخولوگ سىگلېر ۋاتاناپ كەپتەرگە رەسىمنى پەرقلەندۈرۈش ماھارىتىنى ئۆگەتكەن. سىگلېر ۋاتاناپ كەپتەرنىڭ شەرتلىك رېفلېكسىدىن پايدىلىنىپ، مونېي ۋە پىكاسو ئەسەرلىرىنىڭ كۆپەيتمىسىنى يەرگە قويۇپ، ئۇنىڭ تەسۋىرىزىم ياكى كۇبىزىم ئىكەنلىكىنى ئايرىغۇزغان. توغرا تاللىيالىسا دان بەرگەن، توغرا تاللىيالمىسا دان بەرمىگەن. نەتىجىدە، خاتالىق پەرقى 10 % دىن ئاشمىغان.

كېيىن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىش ئارقىلىق نام چىقىرالمىغان بىر قىسىم رەسساملارنىڭ ئەسەرلىرىنى بىرمۇ - بىر ئايرىپ رەتكە تۇرغۇزۇپ خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. (07) (ھەسەنجان يۈسۈپ ت)

## بىر دېھقاننىڭ «تەدبىرى»

ئەنخۇينىڭ خۇەنيۈن ناھىيىسى چېنيى يېزىسىدىكى بىر دېھقان باشقىلارنىڭ ئۆز تاۋۇزىنى ئوغرىلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، چاشقان يوقىتىش دورىسىنى تاۋۇزغا ئوكۇل قىلىپ ئۇرغان. تاۋۇز پىشقاندىن كېيىن ئۇ، چاشقان دورىسى ئۇرغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىپ تاۋۇزلارنى بىر باققالغا سېتىپ بەرگەن. نەتىجىدە بۇ خىل تاۋۇزنى سېتىۋالغان بىر خېرىدارنىڭ ئائىلىسىدىكى 5 ئادەمنىڭ ھەممىسى ئوخشىمىغان دەرىجىدە زەھەرلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە 2 سى قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتكەن. ھازىر بۇ دېھقان ج خ ئورگانلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرۇلۇپ سوراق قىلىنماقتىكەن. (07)

(ھۆرلىقا . ت)

## ئاجايىپ «ئىز قوغلىغۇچى»

يېقىندا، ئامېرىكىدا «ئىز قوغلىغۇچى» دەپ ئاتىلىدىغان يوللارنى پەرقلەندۈرۈش سىستېمىسى ياسالغان. ئۇ ھاۋا كىلىماتى ناچار، يوللار مۇرەككەپ، كېچە ياكى كۈندۈز بولسۇن، يەر شارىغا 12 مىڭ كىلومېتىر كېلىدىغان ھاۋا بوشلۇقىدىكى ئوربېتىدا ئايلىنىۋاتقان سۈنئىي ھەمرا تارقاتقان سىگنالنى قوبۇل قىلىپ، بۇ ئەسۋابنى ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ مېرىدىئانى ۋە دېڭىز يۈزىدىن بولغان ئېگىزلىكىنى ئاپتوماتىك ھېسابلاپ چىقالايدىكەن. ئىشلەتكۈچى بۇ ئۈسكۈنە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يېتىپ بېرىش نىشانىنى ئوقۇۋالسا ۋە ئۇنى ئۈسكۈنىنىڭ خاتىرە ئامبىرىغا كىرگۈزىۋالسىلا، كۆرسەتكۈچ ئېكرانىدا دەرھال شۇ كىشىنىڭ تۇرغان ئورنى، قايتىپ كېلىش يۆنىلىشى، يېتىپ بېرىش نىشانىغىچە بولغان ئارىلىق بىلەن بېسىپ ئۆتىدىغان يول كۆرسىتىپ بېرىلىدىكەن. (07)

(رىزۋانگاي . ت)

# قەدىمكى «قاشتېشى يولى»نىڭ «يىپەك يولى»دا تۇتقان ئورنى

★ ئۆمەرجان مەتىمىن ★

«يىپەك يولى» جاڭ چيەننىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 138 ـ ۋە 119 ـ يىللىرى غەرب ئەللىرىگە قىلغان ئىككى قېتىملىق زىيارىتى ئارقىلىق رەسمىي ئېچىلغان بولسىمۇ، لېكىن يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشىنى نوقۇل هالدا جاڭ چيەنگىلا باغلاپ قويۇش مېنىڭچە ئانچە توغرا ئەمەس. ئەمەلىيەتتە تارىخىي پاكىتلارغا قارايدىغان بولساق «يىپەك يولى»نىڭ بىراق تارىخىي مەنبەسى بولغان «قاشتېشى يولى» غەرب ئەللىرى بىلەن ئىچكى رايونلارنىڭ قويۇق باردى ـ كەلدى مۇناسىۋىتىنى ئاللىبۇرۇنلا بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. دەرۋەقە «يىپەك يولى»نىڭ ئېچىلىشى تاسادىپىي بولماستىن بەلكى ئۇ بىراق تارىخىي مەنبەگە، پۇختا ماددىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ، ئۇ دۇنيا بىردەك ئېتىراپ قىلغان «قاشتېشى يولى»نىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ئىدى. بۇنى شىنجاڭنىڭ قەدىمكى قاشتېشى سەنئىتى ۋە شىنجاڭ قاشتېشىنىڭ ياۋروپا ـ ئاسىياغا كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشى قاتارلىق ئەھۋاللاردىن بىلىشكە بولىدۇ.

شىنجاڭنىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىقى دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان. ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا نىسبەتەنمۇ ھەممىدىن بۇرۇن، ئۇ يەردىكى قاشتېشى جابدۇقلىرى ــ قاشتېشى سايمانلىرى ۋە قاشتېشى ئويمىچىلىقى ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدىن تارقالغان. شىنجاڭ قاشتېشى ئىچىدە خوتەن قاشتېشى ھەممىدىن مەشھۇر بولۇپ، قەدىمكى خوتەنلىكلەر بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرىلا قاشتېشىنى قېزىشقا باشلىغان، بۇنىڭدىن 4000 ـ 6000 يىل ئىلگىرىلا «قاشتېشى سەنئىتى»نى بارلىققا كەلتۈرۈپ قاشتېشى بۇيۇملىرىنى سودا ئىشلىرىدا تاۋار سۈپىتىدە ئالماشتۇرۇش بۇيۇمى قىلغان. ئۇلار ئۆز دائىرىسى، جۈملىدىن تارىم ۋادىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى سىرت بىلەن بولغان ئالاقىدىمۇ قاشتېشى بۇيۇملىرىدىن پايدىلانغان. غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ يىپەك دۇردۇنلىرىغا بولغان قىزىقىشى غەربنىڭ ئېسىل ماللىرىغا بولغان ھەۋىسى، قاشتېشى بۇيۇملىرىنىڭ شەرقتە جۇڭگونىڭ دېڭىز بويى رايونلىرى، غەربتە ئوتتۇرا دېڭىز قىرغاقلىرىغىچە بولغان تارقىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شەرق ـ



غەرب ئوتتۇرىسىدا هازىرقى دۇنياغا مەشهۇر بولغان «يىپەك يولى»دىن نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىلا مەخسۇس قاشتېشى ۋاستە قىلغان سودا ۋە ئالماشتۇرۇش يولى ـ «قاشتېشى يولى»نى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ «قاشتېشى يولى» خوتەندىن باشلىنىپ شەرقتە بىر تارمىقى چەرچەن، لوپنۇر، دۇنخۇاڭنى بېسىپ ئۆتكەن. يەنە بىر تارمىقى غەربتە قەشقەرگە بېرىپ ئۇ يەردىن شەرققە بۇرۇلۇپ كۇچا، تۇرپان ۋە قۇمۇلنى بېسىپ ئۆتكەن. بۇ ئىككى تارماق يول يۈمىن قوۋۇقى، جيۇچۇەن قاتارلىق جايلارغا تۇتىشىپ ئاندىن داۋاملىق تۇردە شەرققە بۇرۇلۇپ لەنجۇ، شىئەن، لوياڭ ئارقىلىق ئەنياڭغا بارغان. «قاشتېشى يولى» غەربتە كابول، باغدات ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىزغا تۇتاشقان. شىمالدا بولسا تاكى ئورال رايونىغىچە سوزۇلغان.

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق قاشتېشى بۇيۇملىرى شىنجاڭنىڭ هەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە لوپنۇر خارابىلىقىدىن تېپىلغىنى بىر قەدەر تېپىكرەك بولۇپ، يىل دەۋرى بۇندىن 4000 ـ 6000 يىللار ئىلگىرىكى مەزگىللەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. غەربىي لياۋنىڭدىكى بۇنىڭدىن 5000 يىل بۇرۇنقى نىئوخولاڭ خارابىسىدىن كۆپ مىقداردا قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن نەپىس بۇيۇملار تېپىلدى هەم بۇ خىل قاشتېشى بۇيۇملىرىنىڭ خوتەن قاشتېشىدىن ياسالغانلىقى ئىسپاتلاندى. قەدىمكى دەۋرلەردە شىنجاڭ قاشتېشى بۇيۇملىرىنىڭ ئىچكى رايونلارغا تارقىلىشى هەقىقەتەنمۇ كۆپ بولغان. پەقەت مەملىكىتىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە ساهەسىنى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن مىلادىدىن 1200 يىل ئىلگىرىكى يىن دەۋرىگە مەنسۇپ فۇخاۋ قەبرىگاھلىقىدىنلا 765 دانە قاشتېشى جابدۇقلىرى تېپىلغان. تارىخىي مەلۇماتلاردا يەنە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 8 - ئەسىرلەردە هازىرقى دۇنخۇاڭ، چىلىيەنشەن دائىرىسىدە ياشىغان توخرىلار خوتەننىڭ داڭلىق مەهسۇلاتى بولغان ئېسىل قاشتېشى بۇيۇملىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇپ، قاشتېشى سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىچكىرى رايونلار بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ سودا ئىشلىرىدا ۋاستىچىلىك رول ئوينىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. شۇڭا تارىخچىلار بۇ قەدىمكى «كارۋان يولى»نى «قاشتېشى يولى» دەپمۇ ئاتىغان.

يۇقىرىقى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ۋە يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئارىسىدىكى ئالاقە ئەڭ دەسلەپ قاشتېشى ئالماشتۇرۇشتىن باشلانغان. بۇ خىل ئالاقە ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن «قاشتېشى يولى» كېيىنكى «يىپەك يولى»نىڭ ئىپتىدائىي ئاساسى بولۇپ قالغان.

يېقىنقى چاقلاپ ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ خەن، تاڭ دەۋرلىرىدىن ئىلگىرىكى پۈتۈن ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا بار بولغان قاشتېشى بۇيۇملىرى ئاساسىي جەهەتتىن شىنجاڭدىن كەلتۈرۈلگەن. بۇ هەقتە ياپونىيىلىك جاڭزى خېجۇن ئەپەندىمۇ «جۇڭگونىڭ يىن، جۇ سۇلالىسىدىن تارتىپ 6 سۇلالە دەۋرىگىچە بولغان قەبرىلەردىن نۇرغۇن قاشتېشى بۇيۇملىرى قېزىۋېلىنغان. بۇنداق قاشتېشى بۇيۇملىرىنىڭ چىقىدىغان ئورنىغا ئاساسلىنىپ ئۇنىڭ شىنجاڭدىن (خوتەندىن) كەلتۈرۈلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش مۇمكىن. قەدىمكى زاماندا جۇڭگونىڭ قاشتېشىنى مۇنچىۋالا كۆپ مىقداردا كىرگۈزۈشنى پەرەز قىلىش ناهايىتى مۇشكۇل. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا بەزىلەر «‹يىپەك يولى›نى راستىنلا ‹قاشتېشى يولى› دەپ ئاتاشقان» دەپ توغرا ئېيتقان.

بۇ پاكىتلارغا ئاساسەن شۇنداق ئېيتىش مۇمكىنكى، «قاشتېشى يولى»، «يىپەك يولى»نىڭ ئەسلى ئاساسى بولۇپ، يىپەك يولى دەل تارىملىقلار تەرىپىدىن ئېچىلغان قاشتېشى يولىنى بويلاپ راۋاجلانغان. ئەنە شۇ «قاشتېشى يولى» كېيىنچە خەلقئارا ئومۇم نام بىلەن «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان.(08)

# ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىنى تىنجىتقىلى بولامدۇ

ئىسرائىلىيە ھۆكۈمەت تەرەپ ئۆتكەن يىلى 3- ئايدا ئەرەب ئاھالىلىرى ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان شەرقىي ئېرۇسالېمدا يېڭىدىن خارخوم يەھۇدىي ئاھالىلەر رايونى قۇرۇشنى ئېلان قىلغان كۈندىن تارتىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوتتۇرا شەرقنىڭ تىنچلىق مۇساپىسىنىڭ قاتماللاشقىنىغا توپتوغرا بىر يىل بولدى. تىنچلىق مۇساپىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن خەلقئارا جەمئىيەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمىدى.

قاتماللىق زادى قەيەردە؟ 6500 يۈرۈش يەھۇدىي ئاھالىلەر نۇقتىسى تىنچلىق چاقنى ھەرىكەتتىن توختىتىپ قويدى. بۇ بىر يىللىق قاتماللىق پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدا ئەمدىلا بارلىققا كەلگەن ئۆزئارا ئىشەنچنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىۋەتتى. پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيىنىڭ 1997- يىلى 1- ئايدا ئىمزالىغان ئىبراي كېلىشىمگە ئاساسەن ئىسرائىلىيە بۇ يىل يازدىن بۇرۇن قوشۇنلىرىنى 3 باسقۇچقا بۆلۈپ ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى رايونلاردىن چېكىندۈرۈشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بىراق، ئىسرائىلىيە بىرمۇ ئەسكەر چېكىندۈرمىدى.

بۇ يىل 1- ئايدا ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى مۆتىدىللا گورۇھدىن بولغان تاشقى ئىشلار مىنىستىرى لېۋىي پەلەستىن - ئىسرائىلىيە سۆھبىتىگە نارازى بولغانلىقتىن ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، لېۋىي خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىشتىن بۇرۇن نېتانياخۇ ئامېرىكىغا خۇپىيانە ھالدا 2- باسقۇچلۇق قوشۇن چېكىندۈرۈش سالمىقىنى % 10تىن يۇقىرى قىلىپ بېكىتىشكە ماقۇل بولغان، دېيىلگەن. بىراق لېۋىينىڭ خىزمەتتىن ئىستىپا بېرىشى ۋە قاتتىق قوللار گورۇھىنىڭ ۋەكىلى، ئىچكى كابىنېت سالاھىيىتىگە ئىگە مىنىستىر - سالون قوشۇن چېكىندۈرۈش سالمىقىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكىنى بېكىتكەندىن كېيىن، نېتانياخۇ ئۆزىنىڭ ھەرىكەت قىلىش دائىرىسىنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقتا ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇپ يەتتى. بىر تەرەپتىن نېتانياخۇ ئۆزى بىۋاسىتە ياۋروپادىكى 4 دۆلەتكە بېرىپ تەشۋىقات ھۇجۇمىنى باشلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئىچكى ئىشلار مىنىستىرىنى ئامېرىكىغا ئەۋەتىپ ئۇلارنى توسۇش تەدبىرىنى قوللاندى. رۇس سەپەرگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن نېتانياخۇ يەنە كلىنتونغا ئىككى قېتىم تېلېفون بېرىپ ئامېرىكىنىڭ بۇ



لايىھىنى ئاشكارىلىماسلىقنى تەلەپ قىلدى. رۇس ئىسرائىلىيىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن نېتانياخۇ ئۇنىڭغا پەقەت ئىسرائىلىيىنىڭلا ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىك ئېھتىياجى توغرىسىدىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقىرىش ھوقۇقى بار، دەپ قايتا-قايتا ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. پەلەستىن، ئىسرائىلىيە، مىسىر ئوتتۇرىسىدا كېچە - كۈندۈز قاتراپ پاي - پېتەك بولغان رۇس نېتانياخۇنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن 3 قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېلان قىلىش ئالدىدا تۇرغان سان - سىفىرلارنى ئېغىزدىن چىقىرالمىدى. ياراشتۇرۇش لايىھىسى ئاخىرقى ھېسابتا بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقتۇرۇۋېتىلدى. ئۆتكەن يىلى 11- ئايدا نېتانياخۇ ئامېرىكىغا زىيارەتكە بارغاندا، كلىنتون خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئىسرائىلىيىگە تۇتقان يان بېسىش پوزىتسىيىسىگە نارازى بولۇش ئەھۋالىغا قارىتا غەرەزلىك ھالدا نېتانياخۇغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ ئۆزىنى قاچۇرۇپ كۆرۈشۈشنى رەت قىلدى. ئويلىمىغان يەردىن بۇ ئەھۋال نېتانياخۇنىڭ غەرەزلىك ئۈچ ئېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ يىلنىڭ بېشىدىلا نېتانياخۇ ئامېرىكىدا زىيارەتتە بولغان مەزگىلدە ئاۋۋال يەھۇدىيلارنىڭ ئامېرىكىدىكى تەشكىلاتى، يەنى كۈچلۈك يەھۇدىيلار گۇرۇھىنى يوقلاپ كلىنتونغا ھەيۋە كۆرسەتتى.

پەلەستىن - ئىسرائىلىيە سۆھبىتى قاتمال ۋەزىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ زىيانغا ئۇچرىغۇچىلىرى پەلەستىنلىكلەردۇر، ئۇلار تىنچلىق مۇساپىسىنىڭ كەلگۈسىدىن ئۈمىدسىزلەنمەكتە. ئىسرائىلىيە تەرەپ سۆھبەتتىكى قاتماللىق سەۋەبلىرىنى پۈتۈنلەي پەلەستىن تەرەپنىڭ تېررورچىلىققا زەربە بېرىشنىڭ قاتتىق بولمىغانلىقىدا، دەپ يىغىنچاقلىدى.

بىخەتەرلىك ئارقىلىق تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولامدۇ؟ 1800 يىلدىن بۇيان يەھۇدىيلار ياشاش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدە كۈچلۈك ئۆزىنى قوغداش ئېڭىنى شەكىللەندۈرگەن ھەمدە ئۇنى يەھۇدىي مىللىتىنىڭ مىللەت پسىخىكىسى قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرغان.

ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن بىر قانچە قېتىملىق زور كۆلەملىك ئۇرۇشلار ئارقىلىق ئەرەب زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مەسىلىسى ئەمەلىيەتتە زېمىن ماجىراسى مەسىلىسىدۇر. بۈگۈنكى ئەرەبلەر ۋە ئىسرائىلىيە مۇناسىۋىتىدە ئىسرائىلىيە ئەرەب زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋالغۇچىدۇر، يەنە كېلىپ ئىسرائىلىيە ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك بولغان بىر تەرەپتۇر.

1991-يىلى مادرىدتا ئېچىلغان ئوتتۇرا شەرق يىغىنىدا بېكىتىلگەن زېمىن بەدىلىگە تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش پرىنسىپى بولسا، ئەرەبلەر بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى 10 نەچچە يىللىق قانلىق ئېلىشىش تەجرىبە - ساۋاقلىرىدىن چىقىرىلغان يەكۈن بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن، لېكىن ھازىرقى ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى بۇ پرىنسىپقا قەتئىي قارشى تۇردى. ئىسرائىلىيە تەرەپنىڭ بىخەتەرلىك ئارقىلىق تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش سىياسىتى بولسا، باشقا بىر مىللەتنىڭ ھوقۇقىنى تۇپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان تىنچلىقتۇر. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا قانداقمۇ ھەقىقىي تىنچلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ؟

(تۈرغۇن سەئىدى . ت)



تەھرىرى: 07
ئىبراھىم ماخمۇت



# كېلەچەك مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ

— بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى ئۈلگىلىرىدىن ئەسلەتمىلەر

★ ئە. داۋۇت ★

شۈبھىسىزكى، مائارىپ نائىل بولغان مېھىر-مۇھەببەت ۋە ئىمتىياز، مائارىپ ئېرىشكەن قەدىر-قىممەت ۋە ھۆرمەت، مائارىپقا سىڭىنغان ماددىي ۋە ھېسسىي سىڭىنما ئەلمىساقتىن ئىنسانىيەتنىڭ تۈنۈگۈنى ۋە بۈگۈنىنى، ئۆتمۈشى ۋە كېلەچىكىنى بەلگىلەپ كەلدى.

جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان بىر نەچچە ئايلىق سەپىرىمدە، شىمالىي تارىم ۋادىسىدىن ئورۇن ئالغان، مىسلىسىز تەبىئىي بايلىقلار ئۈستىگە قۇرۇلغان، جۇڭگو ئاخبارات ۋاستىلىرىدا «غەربىي رايوندىكى مەرۋايىت» ئاتىلىۋاتقان، ئىقلىم، كىلىمات ۋە مەدەنىي ھاياتى ئۆزگىچە، يېڭىدىن، قايتا قەد كۆتۈرگەن بۇ يۇرتنىڭ قەۋەت-قەۋەت جەلپكار بىنالىرى، رەت-رەت ئازادە كوچىلىرى ئەمەس، ئەكسىچە بۇ يۇرت خەلقىنىڭ دىلىغا نۇر ۋە دىيانەت، ئىشلىرىغا بەرىكەت بېغىشلى[illegible]ن مائارىپ ھەرىكىتى مېنىڭ دىققىتىمنى ئالاھىدە تارتتى.

— ناھىيىمىزدە 20 مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچى، 1700 گە يېقىن ئوقۇتقۇچى ۋە مائارىپ خادىمى، 70 نەچچە مەكتەپ بار، — دەپ سۆز باشلىدى بۇ ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىسلام قۇربان ئاكا ناھايىتى سالماق، خۇش پېئىل ۋە سەمىمىي تەلەپپۇزدا بۇ ناھىيىنىڭ ھازىرغا قەدەر مەركەز، ئاپتونوم رايون ۋە ئاپتونوم ئوبلاست بويىچە ئېرىشكەن تەقدىرنامە، گۇۋاھنامە ۋە ھەر خىل شان-شەرەپ مۇكاپاتلىرىنى بىرمۇبىر كۆرسەتكەچ.

— ناھىيىمىزنىڭ يېڭىچە مائارىپىنى 30-، 40-يىللاردىكى «ئاقارتىش ھەرىكىتى» تۈرتكىسىدە تەۋەيىمىزدە قۇرۇلغان بازارلىق مەكتەپ ۋە يېگىسار، چۇمپاق، چېدىر، ئەشمىلەردە قۇرۇلغان بالا مەكتەپلەردىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ، — دېگىنىچە گېپىنى داۋام ئەتتى ئۇ بۈگۈرنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى ھەققىدىكى ئۆزگىچە تېمىدىن سۆز باشلىغاچ. ياش، گۆدەك ۋاقتلىرىدىن باشلاپلا ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي خىزمەت ساھەسىدە بەجانىدىللىق بىلەن، خالىس تەر تۆكۈپ، خەلق ئۈچۈن، ئاۋام ئۈچۈن ئاجايىپ قۇربانلارنى بېرىپ، ئۇزاق يىل ناھىيىنىڭ تەشكىلات ۋە كادىرلار خىزمىتى تەۋەسىدە مەسئۇل رەھبەر بولۇپ ئىشلىگەن، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكىلىپ كەلگىنىگە ئارانلا بىر يىلدىن ئاشسىمۇ بۇ ناھىيىنىڭ مائارىپ قۇرۇلمىسى ھەققىدە زىر-زەۋەرلىرىگىچە بىرمۇبىر توغرا بىلىدىغان بۇ رەھبەرنىڭ ئۆزىگە خاس ۋەزىن ۋە يېقىشلىق بايانلىرىدىن ئۇنىڭ كەڭ دائىرىلىك مەلۇماتقا ۋە ئۇنىۋېرسال بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بىر ئىقتىدارلىق رەھبەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغاندەك بولدۇم.

تەكشۈرۈش، ئاڭلاش ۋە بىۋاستە زىيارەت

قىلىش جەريانىدا مەن بۇ ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرىدىن مۇنۇ ئۇچۇرلارغا ئىگە بولدۇم. بۇ ناھىيىدە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.8 %، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇش نىسبىتى 100 %، مىيىپ، مەجرۇھ بالىلارنىڭ ئوقۇش نىسبىتى شەھەر ئىچىدە 100 %، يېزا - كەنتلەردە 92.4 % ئەمەلىيلىشىپتۇ؛ 15 ياش ئەتراپىدىكىلەرنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە يېتىش نىسبىتى شەھەر ئىچىدە 100 %، يېزا - كەنتلەردە 98.4 %، 17 ياش ئەتراپىدىكىلەرنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە يېتىش نىسبىتى شەھەرلەردە 95 %، يېزا - كەنتلەردە 83.3 % ئەمەلىيلەشكەن؛ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 97.1 %، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كەسپىي جەھەتتە ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 96.5 %، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 99.9 %، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ 88.7 % بولغان. ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشتە ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 100 %، ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئىچىدىكى ساۋاتسىزلىقنى يويۇش نىسبىتى 99.2 %، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يېزا دەرىجىلىك مەدەنىيەت - تېخنىكا مەكتەپلىرىدە ئوقۇش نىسبىتى 100 % بولغان.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ئىككى ئاساسەن»نى قايتا تەكشۈرۈش ئۆمىكى 1998 - يىل 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى قايتا تەكشۈرۈپ، 292.36 نومۇرلۇق نەتىجە بىلەن ئۆتكۈزۈۋالدى.

بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى 1996 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە دۆلەت مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن بۈگۈر ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ناھىيىدىكى مائارىپ خىزمەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى يۇقىرى دەرىجىدە كۈچەيتىپ، يېڭى بۇرۇلۇش نۇقتىسىدىن يىراققا نەزەر تاشلاپ، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم پەن - تېخنىكىغا تايىنىش كېرەك دېگەن ئىدىيىنى چىقىش قىلىپ، «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش ۋە ساپا مائارىپىغا يۈزلەندۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى.

بۈگۈر ناھىيىسى قانداق قىلىپ بۇنداق ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلىدى؟ «مائارىپتا بىرى ‹ئىككى ئاساسەن›نى ‹مۇھىمنىڭ مۇھىمى›لىق ئورنىغا قويۇشتا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ‹ئىككى ئاساسەن› بويىچە ئۆتكەلدىن بۆسۈپ ئۆتۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، يەنە بىرى، ساپا مائارىپىنى ئەستايىدىل يولغا قويۇش لازىم» دېگەن كۆرەش



نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشۋاتقان بۈگۈرلۈكلەرنىڭ نەتىجىسى دېيىشكە بولىدۇ.

بۈگۈر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1996- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئوتتۇرىغا قويغان ئاجىز ھالقىلارنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىلەن سىياسىي كېڭەشنىڭ رەھبەرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى تەشكىللەپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، 1997-يىلى «بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ ئىككى ئاساسەن خىزمىتى بويىچە ئۆزگەرتىش، ياخشىلاش تەدبىرى»نى يولغا قويۇپ، 17ياشلىقلار ئارىسىدا تولۇقسىز مائارىپنىڭ ئاماملىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش، يېزا-كەنتلەرنىڭ مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلاش قاتارلىق يەتتە تۈرلۈك تەدبىرنى ئەمەلىي يولغا قويۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى، 17 ياشلىقلار ئارىسىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئاماملىنىش نىسبىتىنى ناھىيە بازىرىدا 95.11% كە، يېزىلاردا 83.3% كە يەتكۈزدى. ناھىيىنىڭ «ئولتۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى»دىمۇ ئوقۇتقۇچىلارغا ئالدىن ئېتىبار بېرىلىپ، 1997- يىلى يېزا دەرىجىلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە 180 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 560 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە ئولتۇراق ئۆي سېلىپ بەردى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئارخىپلىرىنى توغرا، ئىلمىي، مەشغۇلاتچانلىقى يۇقىرى قىلىپ ناھىيە بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن 24 مىڭ يۈەن سەرپ قىلدى.

مائارىپ سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە «مائارىپنىڭ ئالدىن راۋاجلاندۇرۇلىدىغان ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى ھەقىقىي تۇردە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقا — مائارىپ مەبلىغىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە ئاشۇرۇش» دېگەن يېتەكچى ئىدىيىنى قىبلىنامە قىلىپ، ئۆزگە بولغان بېسىمنى ئاشۇرۇپ، 1997-يىلى ناھىيە ۋە يېزا مالىيىسىدىن 1 مىليون 44 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ 2640 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە سىنىپ سېلىپ، 25 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپكە 1460 يۈرۈش پارتا-ئورۇندۇق ۋە ئىش ئۈستىلى سەپلەپ بەردى. 1998- يىلى 4-ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەنە 300 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە زۆرۈر بولغان تەجرىبە سايمانلىرى ۋە تەنتەربىيە سايمانلىرىنى سەپلىدى. بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ مانا مۇشۇنداق تىرىششى نەتىجىسىدە ناھىيىدىكى ئەڭ ياخشى قۇرۇلۇش مەكتەپنىڭ ئۆي- ئىمارەتلىرى بولۇپ قالدى.

ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى جەھەتتە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە تەلەپنى قاتتىق قويۇپ، «ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش سىنىپى بولۇش، پارتا-ئورۇندۇق بولۇش، ئوقۇتۇش پىلانى بولۇش، ئوقۇتقۇچىسى بولۇش، يوقلىمىسى بولۇش، ئىنتىزامى بولۇش، دەرس تەييارلىقى بولۇش، تاپشۇرۇقى بولۇش، ئىمتىھان تۈزۈمى بولۇش، تەكشۈرۈش تۈزۈمى بولۇش»تىن ئىبارەت «10 بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى يېزا-بازارلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشى ۋە يېزا-بازار رەھبەرلىرىنىڭ خىزمەت نەتىجىسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى. نەتىجىدە ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدىكى ساۋاتلىقلار نىسبىتى 99.2% كە، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدە ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 100% كە، يېزا دەرىجىلىك دېھقان، چارۋىچىلار مەدەنىيەت، تېخنىكا ئۆگىنىش مەكتەپلىرىنىڭ باشقۇرۇش كۆلىمى 100% كە، يېزا-كەنتلەردىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت، تېخنىكا بويىچە تەربىيىلىنىش نىسبىتى 83.7% كە يەتتى. (06)

# تەگگە تەمرەتكىنى داۋالايدىغان ئۈنۈملۈك دورا - چىشەن تەمرەتكە يوقىتىش كۆمىلچى

تەگگە تەمرەتكىسى قاسراقلىق تەمرەتكە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كلىنىكىلىق داۋالاش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، يېنىكرەك كېسەللەرنىڭ تېرىسىدە دۆگگە ئەسۋە، ئاق تەمرەتكە سويۇلۇپ چۈشۈش، قاتتىق قىچىشىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ، ئېغىرراق بولغانلىرىدا بەدەن خاراكتېرلىك تېرە سويۇلۇش، يىرىڭداش، شەلۋەرەپ كېتىشتەك ئەھۋاللار ھەتتا ھەرىكەت ئىقتىدارىنىمۇ يوقىتىپ قويۇشتەك ھادىسىلەر كۆرۈلىدۇ. دوختۇرخانىمىز 37 مىڭدىن ئارتۇق بىمارنى داۋالاش ئاساسىدا، ساپ، تەبىئىي بولغان جۇڭيى دورىسى «چىشەن تەمرەتكە يوقىتىش كۆمىلچى» نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىق قىلىپ چىقىپ، تەگگە تەمرەتكىنى داۋالاشتا بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەزكۇر دورا بۆرەكنى كۈچلەندۈرۈش، قان ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇپ قېتىۋالغان قانلارنى پارچىلاش، تەمرەتكىنى يوقىتىشتەك ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، ئورگانىزمنىڭ ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، تېرە تومۇرلىرىدىكى مىكرو قان ئايلىنىشنى كۈچەيتىدۇ. تېرىدىكى ماددا ئالمىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كېسەللىك پەيدا قىلىدىغان ئىچكى زەھەرنى يوقىتىپ، تەگگە تەمرەتكىنى پۈتۈنلەي تۈگىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ دورا دۆلەتلىك سەھىيە ئورگىنىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەشپىيات پاتېنت نومۇرى 961003774 غا ئېرىشكەن.

1995 - يىلى «جۇڭگو ئەنئەنىۋى تېبابەت دورىلىرى ۋە ساقلىقنى ساقلاش بۇيۇملىرى مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسىنىڭ ئالتۇن مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن؛ 1996 - يىلى دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ «پەن- تېخنىكا ئۆتكەللىرىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىسى بويىچە مۇنەۋۋەر تۈر مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن. بۇ تاتلىق كۆمىلاچ تېپىدىكى دورا ھەر قېتىمدا 2 تالدىن، كۈنىگە 3 قېتىم ئىچىلىدۇ. 10 يۇەن پىرېۋوت قىلسىڭىز تەپسىلىي ماتېرىيالنى تاپشۇرۇپ ئالالايسىز. مۇرەككەپ كېسەللەر دوختۇرخانىمىز بىلەن ئالاقىلىشىشنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

دوختۇرخانىمىزنىڭ تولۇق ئادرېسى:

● 临猗县银屑病研究所所长， 中医银屑病专家：荆夏敏
● 函诊部主任：谷淑梅
● 地址：中国山西省临猗县南环路47号
● 电 话：0359 — 4022900 4024421 4029066 4029123
● 传 真：0359 — 4024420
● 邮编：044100
● 太原专家门诊部地址：佳地花园沁苑楼101号
● 邮编：030006
● 联系人：谷淑慧 主治医师：郭颖珍
● 电话：0351 — 7051798手机：01393412902
● 西安专家门诊部地址：土门丰稿西路29号
● 邮编： 710077
● 联系人：姚建华 主治医师：刘文贞
● 电话：029 — 4244218 4237115
● 手机：139 — 9288831

# تۈرمىگە كىرىش ئاسان، چىقماق تەس

## — ئامېرىكا تۈرمىلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

ئامېرىكىدا جىنايەت سادىر قىلىش ئۇزاقتىن بۇيان تەدرىجىي ئازايغان بولسىمۇ، لېكىن تۈرمىدىكى مەھبۇسلار، بولۇپمۇ قېرى مەھبۇسلار تېز كۆپەيمەكتە. بۇ، جەمئىيەتتىكى بىر قاتار ئۆزگىرىشلەر ۋە سىياسىي بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئامېرىكىدا يېقىندىن بۇيان جازانىڭ ئۆلچىمى ناھايىتى قاتتىقلىشىپ كەتكەن بولۇپ، «جىنايەتنى قانچە كۆپ ئۆتكۈزسە، جازا مۇددىتى شۇنچە ئۇزۇن بولىدىغان» بولدى. بۇ «ھېكمەتلىك سۆز» گە ئاساسەن، سوتچىلار ھازىر ئەڭ ئۇزۇن جازا ئۆلچىمىنى قوللانغاچقا ئوتتۇرىچە جازا مۇددىتى ئۇزاردى.

«ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم جىنايەت سادىر قىلساڭ تۈگەشكىنىڭ شۇ»، بۇ بىر قىسىم شتاتلارنىڭ جازا ئۆلچەيدىغان پرىنسىپى. بىر ئادەم قايتا - قايتا جىنايەت ئۆتكۈزسە، جىنايىتى ئېغىر بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئەڭ تۆۋەن دېگەندە 25 يىللىقتىن يۇقىرى قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدىكەن. شۇڭا ئۇزاق مەزگىل تۈرمىدە ياتىدىغان مەھبۇسلار شىددەت بىلەن كۆپەيمەكتە.

جىنايەت ئۆلچىمى قانچە چوڭ بولسا، جازا مۇددىتىمۇ شۇنچە ئۇزۇن، تۈرمىدىكى مەھبۇسلارمۇ شۇنچە كۆپ بولىدىكەن. يېقىندىن بۇيان ئامېرىكىدا تۈرمىگە كىرىش ئاسان، ئەمما چىقماق تەس بولماقتا. مەھبۇسلارنىڭ سانى 10 يىل ئىچىدە بىر ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە قېرى مەھبۇسلار 5 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىر ھەسسە كۆپەيدى. بۇ «قېرى مەھبۇسلار» كۈتۈنۈشكە مۇھتاج بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ كېسىلى ساقايماي تۈرمىدىلا ئۆلۈپ كېتىدىكەن. بۇ ئىلگىرى ئايرىم ئەھۋال بولسىمۇ، ئەمما ھازىر ئاساسەن «مۇقەررەر قانۇنىيەت» كە ئايلاندى.

ئوھايو شتاتى نېلسونۋىل تۈرمىسىگە 400 مەھبۇس قامالغان بولۇپ، بۇ مەھبۇسلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 56 ئىكەن. شۇڭلاشقا تۈرمە «تۆمۈر تور، تۆمۈر قولۇپنىڭ ئارقىسىدىكى قېرىلار دوختۇرخانىسى» غا ئايلىنىپ قالماقتا. مىسسىسىپى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى ئىسئانا شتاتىدىكى تۈرمىگە 5000 دىن ئارتۇق مەھبۇس قامالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قىسىم مەھبۇسلار قېرىلاردۇر. جېسى سىمىن 62 ياش، تۈرمىدە يېتىۋاتقىنىغا 24 يىل بولغان. ئۇ قوراللىق بۇلاڭچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن (ئادەم يارىلانمىغان) 68 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان، شتاتنىڭ قانۇنىغا ئاساسلانغاندا، مەھبۇسلار % 85 جازا مۇددىتىنى توشقازسا، ئاندىن قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدىكەن. ئاۋگۇستىن



70 ياش، تۈرمىدە يېتىۋاتقىنىغا 38 يىل بولغان. فرانك جانى 73 ياش، تۈرمىدە يېتىۋاتقىنىغا 35 يىل بولغان. «دادىشو» لەقەملىك 87 ياشلىق بىر قېرى مەھبۇس 1981- يىلى تۈرمىگە كىرگەن بولۇپ، ئۇ بۇ تۈرمىدىكى ئەڭ قېرى مەھبۇستۇر. بۇ 3 ئادەمنىڭ پەقەت بىرلا ئارزۇسى بولۇپ ئۇ بولسىمۇ «بۇ يەرگە دەپنە قىلىنماسلىق» ئىكەن. دوگلاس 61 ياش، ئۇنىڭ تۈرمىدە يېتىۋاتقىنىغا 40 يىل بولغان بولۇپ، ئۇ: «ئادەم 20 ــ 30 يىل تۈرمىدە ياتسا، ئەسلىدە بار بولغان كۈچ - قۇۋۋىتىدىن ئايرىلىدىكەن. تۈرمىنىڭ تاملىرى ناھايىتى قېلىن بولۇپ، مەھبۇسلارنىڭ نېرۋىلىرى ئاللىقاچان ئۆلگەن، ئۇلار تىرىك ئۆلۈكلەرگە ئوخشايدۇ» دەيدۇ. مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا بۇ تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنىڭ يېرىمى ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بولۇپ، ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇنغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار كەچۈرۈم قىلىنىشقا ئېرىشەلمەيدىكەن. مەزكۇر تۈرمىدىكى % 80 دىن كۆپرەكى كامىردىن ھايات ئايرىلالمايدىكەن. بىر قىسىم مەھبۇس ئۆلسىمۇ جازا مۇددىتىنى توشقۇزالمايدىكەن. يېقىندا بۇ تۈرمە قەبرىستانلىق كۆلىمىنى كېڭەيتكەن.

ئەمما كامىر مەھبۇسلار ئۆلىدىغان بىۋاسىتە جاي ئەمەس. مەھبۇسلارنىڭ ئۆلۈمى يېقىنلاپ قالغاندا تۈرمە دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىلىدىكەن. لوئىسانىنا شتاتىدىكى تۈرمىدە مەسىلەن: ئېپئارل بىللۇت (70 ياش، 39 يىل بۇرۇن ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن قامالغان، ھازىر ئېغىر قەنت سىيىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان)، سكوت (56 ياش، باسقۇنچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن 35 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئۆتكەن يىلى يازدا ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان). ئالبېرت (65 ياش، ئۈچ ئېلىپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن قامالغان. يېقىندا، مەزى بېزى راكىغا گىرىپتار بولغان، كېسەللىك ئەھۋالى داۋاملىق كېڭىيىۋېتىپتۇ) ھازىر تۈرمە دوختۇرخانىسىدا يېتىۋاتىدۇ، ئۇھۇ شتاتىدىكى بىر قىسىم ئادەملەر مەنىلىك قىلىپ: «سەكراتقا چۈشۈپ قالغان مەھبۇسلارلا قويۇپ بېرىلىشكە ئېرىشىدۇ» دېيىشكەن. (02)

(گەكبەر گابلەت . ت)

## مۇشتەرى بولۇڭ:

» شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ مەملىكەت ئىچىگە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ ئۇنىۋېرسال ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ بىرى. بۇ ژۇرنال بارلىق ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى مائارىپ، باشقۇرۇش، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات- سەنئەت، پەن - تېخنىكا، دىن، ئەخلاق، تاللانتشۇناسلىق، كومپيۇتېر، ئارىلىق پەنلەر بويىچە بارلىققا كېلىۋاتقان كەشپىيات، ئىختىرالارنى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئىخچام تونۇشتۇرۇپ، ئىلىم- پەننى گۈللەندۈرۈش، خەلقنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلىدىغان مۇھىم بىر بىلىم مۇنبىرى. بۇ مۇنبەر سىزنى دانايى- دانىشمەنلەر، پەيلاسوپ- مۇتەپەككۇرلار، پىرى - ئۇستازلار، ھەققانىي ئىلىم چولپانلىرى، سەنئەتكار - يازغۇچىلار، ئۇلۇغ ھەكىم ھەم پىسخولوگلار بىلەن ئۇلپەتلەشتۈرۈپ، قەددىڭىزنى رۇسلاپ زامانىۋى قەدەم بېسىشىڭىزغا، بولۇپمۇ دەۋرىمىزنىڭ تومۇرى، كەلگۈسى ئۈمىدىمىز بولغان ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىزدىنىپ ئالىم بولۇشىغا مەسلىھەت، ئىلھام بېرىدۇ. بىز ھەر كۈنى ئۇنداق ئالىم، بۇنداق ئالىم دېگەن ئالىم دانىشمەن كىشىلەر مانا مۇشۇ ژۇرنالدا پىكىر بايان قىلىدۇ. شۇڭا، بۇ ژۇرنال ناھايىتى كۆپ ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن قەدىرلىنىپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى بىلىش، شىنجاڭنى بىلىش، جۇڭگونى بىلىش شۇ ئاساستا ئۆزىنى تولۇقلاش ۋە ئۆستۈرۈشتىكى بىلىم ئوچىقى، ئالىملىقنى قوغلىشىپ ماتېرىيال توپلاشتىكى بىلىم بۇلىقى بولۇپ قالماقتا. ئىشىنىمىزكى، بۇ ژۇرنال سىزنىڭ قولىڭىزغا چىققاندىن كېيىنمۇ، مەيلى قايسى تەرەپتىن بولسۇن سىزگە يېڭى بىر بىلىم بېرىدۇ، شۇڭا، بىز سىزنى ئالدى بىلەن ئەتراپىڭىزدىكى دوستلىرىڭىزغا بىزنىڭ بۇ قىزغىن سالامىمىزنى يەتكۈزۈپ قويۇشىڭىزنى، شۇ ئاساستا 1999- يىللىق سانلىرىمىزغا يېزىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز. ژۇرنىلىمىزغا جايلاردىكى ئىتتىپاق كومىتېتلىرى ياكى تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 46- قورۇ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» تەھرىر بۆلۈمى. پوچتا نومۇرى: 830001 ياكى ئۈرۈمچى قۇرۇلۇش يولى 9- قورۇ «شىنجاڭ ياشلىرى تەھرىر بۆلۈمى پوچتا نومۇرى: 830002 بۇ پەسىللىك ژۇرنال ھەر بىر سانى 4 يۈەن. بىر يىللىق سانلىرى جەمئىي 16 يۈەن.

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» دىن
ھۆرمەت بىلەن ئالىي ئېھتىرام!

# كۆلكە

(هېكايە)

★ ئابدۇرۇسۇل سىيىت ★

رېستوران قىزغىنلىقى قالتىس بازار تېپىۋاتقان هازىرقى ۋاقىتتا قېنىمىزدا يوق تۇرلۇك خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنىڭ مودىغا ئايلىنىپ، ئاجايىپ ھەشەمەر بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقى بىزنى ئەندىشىگە سېلىپ قويىدى. ئەنە شۇنداق كاتتا پائالىيەتلەرنىڭ بىرى بولغان «تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسى» بۈگۈن شەھىرىمىزدىكى داڭلىق رېستورانلارنىڭ بىرىدە ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. رېستوران ئىچى بىر-بىرى بىلەن بەس تالىشىپ ئەڭ ئېسىل مودىلاردا ياسىنىپ كېلىشكەن ئەر - ئايال مېھمانلارنىڭ ئۇستىبېشىدىن تارىلىۋاتقان گىرىم بۇيۇملىرى ۋە قىممەت باھالىق چەت ئەل ئەتىرلىرىنىڭ خۇش پۇراق ھىدى بىلەن تولغانىدى. رېستوران سەھنىسىدىكى ئېلېكترونلۇق چالغۇدىن تۆۋەن ئاۋازدا ياڭراۋاتقان يېقىملىق مۇزىكا كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. يۇمىلاق شىرەنى بويلاپ ئازادە ئورۇن ئېلىشقان مېھمانلار ئېچىلىپ - يېيىلىپ پاراڭلىشاتتى. ئەنە شۇ شىرەلەرنىڭ بىرىدە ئوتتۇرىسىغا سۇلياۋ گۈل لوڭقىسى قويۇلغان شىرە كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇستىگە يارىشىملىق شىم - كاستۇم كىيىپ، ناۋات رەڭ گىرىپ كۆڭلەك ئۇستىدىن تېگى ئاق چاقماق يوللۇق گالستۇك تاقىۋالغان 12 - 11 ياشلار چامىسىدىكى ئارزۇلۇق ئەزىمەت ئاتا - ئانىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈن شەرىپىگە ئۇيۇشتۇرۇپ بەرگەن زىياپىتىدىن پەخىرلەنگەندەك يېشىغا ماس كەلمىگەن تەكەببۇرانە قىياپەتتە 2 قولىنى ئالماپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا غادىيىپ ئولتۇراتتى. شىرە ئۇستىگە، بالىغا يېقىنراق يەرگە ئالاھىدە بۇيرۇتۇپ ياسالغان بىر دانە تورت قويۇلغانىدى. مېھمانلار ئاساسىي جەھەتتىن يىغىلىپ بولغاندا شىرەلەر تۈرلۈك مېۋە -چېۋە، سوغۇق ئىچىملىك، ھەر خىل قورۇمىلار بىلەن تولدى. شۇ ئارىدا سورۇن باشقۇرغۇچى مىكرافوننى قولىغا ئالدى. ئۇ ئاۋازىغا مۇمكىن بار سالماق، ئېغىر بېسىق تۈس بېرىپ بۈگۈنكى سورۇنغا يىراق - يېقىندىن كەلگەن مېھمانلارغا رەھمەت- ھەشقاللا ئېيتقاچ تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسىنىڭ باشلانغانلىقىنى دەبدەبە بىلەن جاكارلىدى. قىسقا، قاتتىق ئۇرۇلغان چاۋاكتىن كېيىن شىرە ئۇستىدىكى تورتنىڭ ئاغزى ئېچىلدى. 10 تال شام چەمبەر شەكلىدە تورتنىڭ ئۇستىگە سانجىلىپ سەرەڭگە يېقىلدى. ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ،



ئالقانلىرىنى بىر -بىرىگە رىتىملىق ئۇرۇپ، روھىيىتىمىز ۋە ئەنئەنىمىزگە يات «تۇغۇلغان كۈن ناخشىسى»نى ئۈنلۈك توۋلىغاچ ئەزىمەتكە بەخت تىلەشتى. ناخشا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەزىمەت شىرەگە يېقىنراق سۈرۈلدى. دېمىنى ئىچىگە چوڭقۇر تارتىپ 2 قوۋۇزىنى بولۇشىغا كۆپتۈرۈپ، تورتنىڭ ئۈستىدە پىلىلداپ تۇرغان شامنى پۈۋلىدى. پۈۋلەش بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن شاملار تولۇق ئۆچتى، تورت پارچىلاندى. ھايات شامى ھېلىتىنلا ئۆچۈرۈلۈشكە باشلىغان، بالاغەتكە يەتمىگەن بۇ نارەسىدىنىڭ تېنى يۈرىكى بىلەن قوشۇلۇپ «بەخت» ئىچىدە بەختسىزلىك بىلەن پارچە - پارچە قىلىۋېتىلگەنىدى. بالا ئەڭ قەدىرلىك كىشىلىرى تەرىپىدىن پارچە- پارچە قىلىۋېتىلگەن يۈرىكىگە قاراپ كۈلۈپ كەتتى ۋە باشلامچى بولۇپ بىر پارچىسىنى ئالقىنىغا ئېلىپ ئىشتىھا بىلەن يېگىلى تۇردى. باشقىلارمۇ بىر كېسىم - بىر كېسىمدىن ئېلىشىپ يېيىشتى. قوزىنىڭ، پاقلاننىڭ، جۈجىنىڭ، كەپتەر باچكىسىنىڭ گۆشىنى يېگەندەك كېرىلىپ، ھۇزۇرلىنىپ يېيىشتى. ئاشۇ ھۇزۇرلىنىش ئورنىغا تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسى ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن سوۋغا - سالاملارنى ئايىماي تۆكۈشتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ مۇبارەك باش سۈرىتى اچۇشۇرۇلگەن پۇللارمۇ بار ئىدى. خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن بالا «ئۆزىنى قۇربان قىلىش» بەدىلىگە كېلىۋاتقان ئاشۇ نەرسىلەرنى قارشى تەرەپ تەگلەپ بولغۇچە قولىدىن يۇلۇۋېلىپ يانچۇقىغا سالاتتى. خاتىرىگە ئالغۇچى كىمنىڭ نېمە بەرگەنلىكى، قانچىلىك بەرگەنلىكىنى «رويخەت»كە ئېلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. خەيرىيەت، چارەك سائەت داۋاملاشقان سوۋغا- سالام بېرىش ئىشى ئاخىرلىشىپ، مېھمانلار شىرەدىكى نەرسىلەرگە ئەسلى - ۋەسلى بىلەن تۇتۇش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى سورۇننىڭ كېچىكىپ قالغان مېھمىنى بولمىش بىرەيلەن رېستوران ئىشىكىدىن ئالدىراپ كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن جىددىيلىك، كۆزلىرىدىن بىر خىل ھارغىنلىق ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ تۆۋەنچىلىك بىلەن بالىنىڭ ئاتا -ئانىسىغا بىر قانچە ئېغىز ئۆزرىخاھلىق سۆزى قىلىپ قويۇپ، بالىنى قوچاقلاپ پېشانىسىگە بىر نەچچىنى سۆيدى. قولىدىكى سومكىسىدىن پاكىز ئاق قەغەزگە چىرايلىق ئورالغان بىر نەرسىنى ئېلىپ ئىززەت - ئېكرام بىلەن ئۇنىڭغا بەردى. كۆزى قەغەز ئىچىدىكى «دۇنيا»غا شاپپىدە ئاغدۇرۇلغان بالا ئۇنى كۆرۈشكە نەپسى قىستاپ ئالدىراپ ئاچتى، ئاچتىيۇ چىرايى بىردىنلا ئۆزگەندەك بولۇپ، ئويلىمىغان يەردىن ھېلىقى نەرسىنى رېستوراننىڭ ئوتتۇرىسىغا پىرقىرىتىپ ئېتىۋەتتى. يەردە كىتابخانىدىن ئېنىق يېڭىلا ئەكەلگەن، پېچەتى بۇزۇلمىغان بىر پارچە كىتاب ئۆزىنى مۇشۇنداق يەرگە سۆرەپ كەلگەن كىشىگە لەنەت ئوقۇغاندەك يېيىلىپ ياتاتتى. ھەممەيلەن كۈلۈشتى، ھىجىيىپ، پىخىلداپ، بۇقۇلداپ، قاقاقلاپ، تېلىقىپ - تېلىقىپ كۈلۈشتى. كىتاب ئىگىسىگە ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغان بالىمۇ كۆپچىلىك ئالدىدا قالتىس چىرايلىق ئىش قىلىۋەتكەندەك كۈلۈپ كەتتى. بالىغا، كۆپچىلىككە قاراپ كىتاب ئىگىسىمۇ كۈلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۈلكىسى ھېچكىمنىڭ كۈلكىسىگە ئوخشىمايتتى. پەس، خىرقىراق ئاۋازدا ئىچ - ئىچىدىن تولغىنىپ، بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ كۈلەتتى، بۇ كۈلكىنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم چۈشەنمەيتتى. لېكىن بۇ كۈلكە بۇ سورۇنغا قارىتا ئاچچىق مەسخىرە بىلەن تولغانىدى.



تەھرىرى: 08
ئۆركەش ئىبراھىم

(ئالىم خالىدىن فوتوسى)

# گۈل پىچىرلىشى

(نەسرلەر)

1

مەن ئاشۇ تەنها ئەترگۇلدەك تەنها، تىكەندەك يالغۇز، ئەمما شۇ قەدەر سۆيۈملۈك، جەزبىدار بىر كۆيگە ئوخشايمەن! قىزىقى، ساڭا تىكىلىۋاتقان كۆزلەر بەكمۇ كۆپ، ھەممىسىلا سېنى بىر ھىدلاشنى، ھەتتا قولقىغا قىسىۋېلىشنى ئىستەيدۇ. «بىر قىزغا مىڭ كۆز»نىڭ سەندە يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن، دىلبەر ...

2

دېرىزەم تۈۋىدە يوللىرىڭغا تەلمۈرۈۋاتقان مەن ئەمەسمۇ؟! كۆزلىرىمنى بېرىم يۇمۇپ، تىنىقلىرىمدا چاچلىرىڭنى يەلپۈتۈپ، كۆزلىرىڭگە تىكىلگەن مەن ئەمەسمۇ؟ ئەپسۇس، بۇلارنىڭ ھەممىسى خىيالىمدىلا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەر ...

3

كۈتۈۋاتىمەن. قايتىپ كېلىشىنى شۇ كۈننىڭ يەنە. كۈتۈۋاتىمەن ئۈزاقتىن بۇيان، سېنىڭ ئويناق، شەھلا كۆزۈڭنى ... كۈتۈۋاتىمەن كۆز يېشىم بىلەن، ھەسرىتىم بىلەن، پەقەت بىر سېنى ...

4

كەل، تاقىتىم توشتى. ساپ ۋە مۇقەددەس، گۈزەل ھەم سۆيۈملۈك ئەسلىمىلەرنى ئېلىپ كەل ... يۈرىكىمدە ئەڭ، ئەڭ شېرىن سۆيگۈ سېنى ساقلاپ ياتماقتا. پەقەت ساڭىلا تەئەللۇق بولغان ئۇلۇغ بىر سۆيۈش سېنى كۈتمەكتە ...

5

مەن گۈللەرنىڭ بەرگى بولۇپ يوللىرىڭغا چېچىلدىم. كۆز ياشلىرىم قانغا ئايلانماقتا. چوشۇمدىكى ئەترگۈلنىڭ رەڭگى ئۆڭمەكتە. مەن سېنىڭ باغرىڭدا ئۆلۈمىنى كۈتمەكتىمەن. چۈنكى سەن مېنىڭ جەننىتىم ...

6

قېشىمدا ئايلىنىپ يۈرگەن سەبىيلەرگە تىكىلدىم. ئۇلار مەندىن مۇھەببەت ئىزدەۋاتاتتى. قېشىمدا پەرۋانە بولۇۋاتقان قىزلارغا تىكىلدىم، ئۇلار مەندىن مۇھەببەت ئىزدەۋاتاتتى. جاپالار دەستىدىن بېلى يادەك ئېگىلگەن دادامغا تىكىلدىم. ئۇ مېنىڭ باللىق مۇھەببىتىمگە موھتاج ئىدى ...

ئەتراپىمغا قاراپ خىيالغا پاتتىم: قۇشلار، گۇللەر، زۇمرەتتەك سۇلار، ئادەملەر، قىسقىسى، بۇ ئانا تەبىئەت مەندىن مۇھەببەت ئىزدەۋاتاتتى.

ئاھ، مۇھەببەت نېمە دېگەن مۇقەددەس-ھە!! ...

## بىزارلىق

مەن، كالىدەك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان «رەنا»دىن بىزار بولدۇم. ئۇ خۇددى ئۇخلاش ئۇچۇن يارالغاندەك، توخۇ قونداققا چىقىش بىلەنلا ئۇيقۇسىنى باشلايتتى. كېچىنىمۇ ئۇز ئالدىغا لەززىتى بولىدۇ - دە! ئۇ كېچىدىن لەززەتلىنىشنى بىلمەيتتى.

بىزار بولدۇم، ئۇ، چېھرىدىكى تەبەسسۇمنى يوشۇراتتى. تاپالمىدىم، تۇۋا، ئۇنىڭدىكى ئىنسانغا خاس ئۇرغۇپ تۇرغان ھېسسىياتنى ...( 08)

## شوخلۇقىمنى بۇيرىماڭلار ئەيىبكە

ئابلىمىت ئاقىولى

ياتقاچ ئانام قورسىقىدا توققۇز ئاي،
كىرىلەلمەي، سەكرىيەلمەي تولغۇنۇپ؛
تۇغۇلغاندىن بۇيان تىنىم تاپماسمەن،
قىيقاس سېلىپ، كۈلۈپ - يايراپ، يۈگۈرۈپ.

مەن چوڭ بولغان يۇرتىمۇ قوينى كەڭرى جاي،
باشقا جايغا سىغمىغان ئىش سىغىدۇ.
يۇرتداشلارمۇ كۆڭلى - كۆكسى كەڭ خەقلەر،
شۇڭا يۇرتتىن شوخ كىشىلەر چىقىدۇ.

گاھى چاغدا ئىشقا بەنت دوستلارنى،
تېرىكتۇرۇپ تەگسەم قىستەن چىشىغا،
گاھ چوڭلارغا قىلىپ ھەزىل - ھەمىيارلىق،
غەم ۋە تەشۋىش سالسەمەن ساق بېشىغا.

گاھ خاپىغان كىشىلەرگە چىرمىشىپ،
كۈلدۈرسەمەن تىپلىقتۇرۇپ - يايرىتىپ.
چىقىرىمەن ئۇشتۇمتۇتلا بىر ئويۇن،
تەنھا ئۆتەر مۇرىمەسنى سايرىتىپ ...

تەبئىتىم پاراڭ خۇمار، تىنىمسىز،
قانداق قىلاي: يىغلايمۇ يا كۈلەيمۇ؟
تۇغۇلۇشتىن تۇرسام ھايات ئەركىسى،
مەھكۇملۇقنىڭ ئىسكەنجىدە ئۆلەيمۇ؟

باقسۇمۇندە ئەمەس ئىنسان دۇنياغا،
مېھمىندۇر ئالتە كۈنلۈك ئالەمنىڭ.
دېيمەن شۇڭا تەقدىرگە «ۋاي ئىست!»،
سايىسىدىن قورقۇپ ئۆتكەن ئادەمنىڭ.

شوخلۇقىمنى بۇيرىماڭلار ئەيىبكە،
ئۇرۇنماڭلار تىزگىنلەشكە - توسۇشقا.
چاقچاقلىرىم دىلكەشلەرگە ئۇسسۇزلۇق،
مەجبۇرلايدۇ بەدنىيەتنى قوسۇشقا.

شوخلۇقىمنى بۇيرىماڭلار ئەيىبكە،
كۆڭلۈم تازا، زەھىرىم يوق، كىرىم يوق.
زېرىكمەستىن، شاد ئۆتۈشنى كۆزلەيمەن،
نىيەت دۇرۇس، تىكىنىم يوق، قىرىم يوق.

## كەچۈردۈم مەن سېنى خۇشال كۈلۈپ قال

ئۆمەر زارى

نامىڭنى ئەبەدىي كۆڭلە قاتمايمەن،
پۈتۈلمەس بۇ ھەقتە ھەتتا بىرھەرىپ.
چۈشەنسەڭ، «گۈل»دېگەن سۆزلا كۇپايە،
ئۇ ئۇچۇن كىم بەرگەن شۇبھىلىك تەرىپ؟

ئوبرازىڭ قەلبىمدە ئۇنتۇلغان بىراق -
گاھىدا نامايان بولسەن خىرە.
مىڭ ئەپسۇس سۆيمەيدۇ يۈرىكىم ئەمدى،
ھەرقانچە نازلىنىپ سالساڭمۇ گىرە ...

خەير - خوش ئامان بول سابىق سۆيگىنىم،
مەن ئۇچۇن زەررىچە چەكمىگىن ھەسرەت.
كەچۈردۈم مەن سېنى خۇشال كۈلۈپ قال،
قەلبىمدە يوق ساڭا زەررىچە نەپرەت ...



## تويۇم بولغان كۈن

قۇربان ئابلىمىت

چاقىرغۇم يوق ھېچ كىشىنى تويۇمغا،
بۈگۈن شاتلىق، قايغۇ بىلەن تەقدىرداش.
سوۋغات ئېلىپ بولدۇڭ نېچۈن ئاۋارە،
كەلمىسەڭمۇ رەنجىمەيتتىم جان ئاداش.

كۈتمىگەنتىم ئۇنە مۇنچە كۆپ ئادەمنى،
تارقاتقۇم بار ئىدى پەقەت بىر باغاق.
سىم - سىم يامغۇر يېغىپ تۇرار توختىماي،
يوللار بۈدەم بولدى پاتقاق، تېيىلغاق.

يۈرىكىمنى سىيلىماقتا ئاچچىق كۈي،
چېلىنماقتا ئىسكىرىپكا، داپ، راۋاب.
كېلەلمىدى پەقەت بىر قىز تويۇمغا،
كېلەلمىدى مېنى ھېچكىم قۇتلۇقلاپ.



## شەبنەم لىرىكىسى

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر

ئاشىقلارنىڭ پىنھان پېشىدەك،
گۈل بەرگىدە كۆرىمەن سېنى.
پاكلىقىڭنى قىلىپ نامايىش،
خىياللارغا چىرمايسەن مېنى.

سەن تەبەسسۇم ئەيلىسەڭ تاڭدا،
بالدەك شېرىن ھېسقا چۆمۈمەن.
مەرۋايىتتەك نۇرقۇڭغا بېقىپ،
پاكلىقىڭغا ئۇنتەك كۆيىمەن.

سەن ئاجايىپ سېھرى بېغىشتا،
ھەر سەھەردە كۆزنى چاقىسەن.
ياپراقلارنى، سۆيۈپ ۋە يالاپ،
ئانا يەرگە سىڭىپ كېتىسەن.

سەن لىغىرلاپ پاكلىقىڭ بىلەن،
كىردىڭ كۆڭۈل خانەمگە تامچىپ.
سەندەك ياشاش نىلىكىم مېنىڭ،
ئانا يەرنى قۇچاقلاپ سىڭىپ ...

## مەجروھ ئەقدە

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

كىملەر ئېلىپ قاچتى كۆلكەمنى،
ماڭا پۈتمەس دەرد يۈكلەپ قويۇپ؟!
دەردمەن دېگۈم كەلمەس ئۆزۈمنى،
ئەمما كەتتىم ھەممىدىن تويۇپ ...

تېنەپ يۈرۈپ ھەسرەت چۆلىدە،
سوغ تەسەللىي كۈتتۈم ئۆزۈمدىن.
مىيىت كەبى سوۋۇندى تىلەك،
ئاتەش نۇرلار كۆچتى كۆزۈمدىن.

قانداق كەچمىش، نېمە قىسمەت بۇ؟
ئاللا كىمچۈن تۆكۈپ يۈردۈم ياش.
دورا يېگەن بىلىقمەن بۇ دەم،
ئازاب تېغى ئۈستۈمگە ھاپاش.

كىمنى كۈتتۈم بىلمەيمەن پەقەت،
خىيال قۇشۇم ئاتلاندى يىراق.
سوغۇق تىترەك يېلىنجار بۇدەم،
قايتۇرۇپ بەر كۆلكەمنى ئۇماق!

## ھايات ماماتلىق جەڭ

ئا. دولانى

(تېلېۋىزوردىن «ھايۋاناتلار دۇنياسى»نى كۆرۈپ)

كۆرۈۋېدىم تېلېۋىزوردىن ئاجايىپ،
ھايۋاناتلار دۇنياسىنىڭ سىرىنى؛
ئىككى ئەركەك بۇغا شۇندا سوقۇشۇپ،
ئۈستىرەتتى بىرسى يەنە بىرسىنى.

ئىككىسىنىڭ مۈڭگۈزلىرى كىرىشكەن،
تىركىشەتتى رەقىبىنى يېڭەلمەي.
غەزەپ بىلەن تۈرتىشەتتى مۈڭگۈزلەپ،
ياكى ئاجراپ ئۆز توپىغا كېتەلمەي.

كەلدى شۇندا بىر توپ يىلپىز ئاتىلىپ،
بۇغىلارنى قورشاۋىغا ئېلىشتى.
بۇغىلارمۇ سەزدى بىراق ئۇسۇشۇپ،
ئاستا - ئاستا ئۇسۇشكەنچە قېچىشتى.

شۇئان يىلپىز ئېتىلدى - دە بىرسىگە،
ئېغىز سالدى بوينىنىلا قامالاپ.



بىرسى قاچتى ئۆز توپىغا ئالدىراش،
تۇتۇلغىنى قۇتۇلماقچى ئامالاپ.

ئامال قانچە مۆگۈپ باقتى، تەپتى ھەم،
ھالسىزلاندى، ئاقىۋەتتە يىقىلدى.
ماكچايىنايىتتى ئىزدىگەندەك باش پاناھ،
يىلپىزلارغا ياخشى ئوزۇق تېپىلدى.

بۆسۈۋەتتى تىرىك ئولجا قارنىنى،
توپ بۇغىلار جىمجىت تۇرۇپ قاراشتى.
ئەي ئوقۇرمەن بۇ كۆرۈنۈش شۇنداقكەن،
شۇندىن بۇيان ماڭا خىيال ياماشتى.

## ئىككى شېئىر

جۇرئەت ئەمەت (جۇرلىتى)

### ئۆكسۈش

ياتىقىمنىڭ دېرىزىسىدىن،
ئاي مارىلاپ باقمىدى تېخى.
ئۆز - ئۆزۈمنى سۆيمەك ئۈچۈنلا،
سىر ساقلىدىم غېرىبلىقىمنى.

• •

مەكتۇپ يېزىپ يىراق -يىراققا،
ئۆز ۋاقتىدا قىلمىغان ئىدىڭ،
تويۇمنى سەن نېمشقا بوۋا؟
چالا ساۋات ئىدىڭمۇ، ياكى -
قول ئىلىكىدە يوقمىدى دۇنيا!؟
ئۆزۈڭ تىككەن مېۋىلىك دەرەخ،
نىچۈن نىسىپ بولمايدۇ ماڭا!؟
سېرىق ئېشەك چاققان قولۇمدا،
قىلالمىدىم تۈزۈكرەك دۇئا.
مەيلى جەننەت ۋە ياكى دوزاخ،
مەن سېزىمسىز، پەي كۆيگەن ئۇۋا!.
مېنى تاشلاپ كەتكەن دىلبەرگە،
سالام ئېيتىپ قويغىن ئەي بوۋا.

### توي

توي،
ئىككى يولنىڭ تۇتاشقان جايى،
سۆيگۈ يامغۇرى،
سىماب بولۇپ سىڭىشكەن.
توي -
بەزىلەرگە ھالاكەتلىك تور،
بەزىلەرگە بىر دەققەخور.
بەزىلەرگە ئەبدىيلىك گۆر،
بەزىلەرگە ئۈزۈلمەس تومۇر،
بەزىلەرگە غايىب بولماس نۇر ...(09)



خاتىرە سۈرەت



بەس سېلىش



زىيان بولسا ئۇستامغا



دەرەخسىمان تۈرخۇن

## تۇرمۇش كارتىنىلىرى

(ئۆركەش جاپپار فوتوسى)













گۈزەل سەنئەت تەھرىرى
ئىسمائىل ئىبراھىم

# يۈكسىلىۋاتقان بۈگۈر مائارىپى

(تەپسىلاتى 51 - بەتتە)



ئىناق، ئىجىل رەھبەرلىك كوللىكتىپى



ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىسلام قۇربان



بىلىمگە ئىنتىلىۋاتقان ئۆسمۈرلەر



ناھىيىلىك تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتەپ



ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ

بۈگۈر ناھىيىسىدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچىلار «دۆلەت بايرىمى» مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ سېپىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىگە سەممىي سالام يوللايدۇ